بسم الله الرحمن الرحيم



﴿إِنَّمَا إِلٰهُكُمُ اللهُ الَّذِيْ لَا إِلٰهَ إِلَّا هُوَ وَسِعَ كُلَّ شَيْءٍ عِلْمًا﴾

﴿سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئاللاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا
هېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ ھەر نەرسىنى تولۇق
بىلگۈچىدۇر﴾

(20 ـ سۈرە/ تاھا 98 ـ ئايەت)

# ئۈرۈمچى ئىسلام دىنى ئىشلىرى يېتەكچىسى

2014- يىلى 3- ئاي (ئومۇمىي 3- سان)


**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

**مەسلىھەتچى:** پەرھات سەلەي

**باش مۇھەررىر:** يالقۇن ئىسمائىل

**مۇھەررىرلەر:** مۆھتەرەم شېرىپ داموللا ھاجى، ئابدۇشۈكۈر رەھمەتۇللاھ دامولla ھاجى، ئابدۇراھمان ئابدۇقادىر

**تەكلىپلىك مۇھەررىر:** مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**تەكلىپلىك كوررېكتور:** ئارزۇگۈل كېرىم

**تېخنىكا يېتەكچىسى:** مۇھەممەدتوختى قۇرباننىياز

**بەت ياسىغۇچى:** مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولla



**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:**

مۆھتەرەم شېرىپ دامولla ھاجى، ئابدۇشۈكۈر دامولla ھاجى، نۇرمۇھەممەد دامولla ھاجى، قاھار ئوسمان دامولla ھاجى، نەسىردىن دامولla ھاجى، ئابدۇكېرەم دامولla ھاجى، ئابدۇۋاھاپ دامولla ھاجى، ئابدۇرېھىم دامولla ھاجى، ئابدۇرەئۇپ دامولla ھاجى، مەسئۇد دامولla ھاجى، مۇھەممەدئىمىن ئاتاۋۇللا دامولla، ئابدۇللاھ ئابدۇراھمان دامولla، ئابدۇراھمان مۇھەممەد دامولla، تاشتۆمۈر ئابدۇقادىر دامولla، بەركىتۇللا دامولla، تۇرسۇن راھمان دامولla ھاجى، تۇرسۇن ئەينۇددىن دامولla، مۇھەممەدئىمىن خۇدابەردى دامولla، ئوسمان ساۋۇت دامولla، ياقۇپ ئۆمەر، پەرھات سەلەي، يالقۇن ئىسمائىل

# مۇندەرىجە

## ۋەز- تەبلىغلەر

ئىسلام دىنىدا پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ پەزىلىتى .......... 1

مۇسۇلمانلار ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلىشى كېرەك ...... 18

ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش ................ 29

ئىسلام دىنىدىكى ساۋاب ئىشلار ھەققىدە .............. 49

## ئىسلام دىنى تەتقىقاتى

ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى ..................... 76

## ئۆگىنىش گۈلزارى

ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ....... 81

## پايدىلىنىۋىلىڭ

ئۇرۇمچى شەھرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى ................ 92

# كىرىش سۆز

ۋەز ئېيتىش ــ ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە قوللىنىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئەنئەنىسى؛ ئىمام-خاتىپلار ھەر جۈمە ۋە ھېيت-ئايەم كۈنلىرىدە جامائەتكە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، كەڭ ئېتىقادچى ئاممىغا دىنىي ئەقىدە نەزەرىيەلىرى، فىقھى مەسىلىلىرى، ئىبادەت قائىدە-ئەھكاملىرى، ئەخلاق مىزانلىرى، مەدەنىيەت مىراسلىرى، پەيغەمبەرلەر قىسسىلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەربىيە ئېلىپ بارىدىغان ئەھمىيىتى زور ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شەھىرىمىزدىكى ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئەت ئەزالىرىنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى شەھرىدە جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەز-تەبلىغ مەزمۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان مەزكۇر «ئايلىق» ماتېرىيالنى ئىماملارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تۈزۈپ چىقتى. ئىماملىرىمىزنىڭ مارت ئېيىدىكى جۈمە كۈنلىرى مۇشۇ بەلگىلەنگەن ۋەز-تەبلىغ تېمىسى ۋە مەزمۇنى ئاساسىدا ۋەز سۆزلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى

2014-يىلى 1-مارت

# ئىسلام دىنىدا پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ پەزىلىتى

## (فَضِيْلَةُ تَرْبِيَةِ الْأَوْلاَدِ فِي الْإِسْلاَمِ)

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ للهِ الَّذِيْ أَبَانَ لِلْعِبَادِ مَنْهَجَ التَّرْبِيَةِ الْقَوِيْمَةِ فِى قُرْآنِهِ الْمَجِيْدِ، وَأَوْضَحَ لِلْعَالَمِيْنَ مَبَادِئَ الْخَيْرِ وَالْإِصْلاَحِ فِي أَحْكَامِ شَرْعِهِ الْحَنِيْفِ. اَلصَّلاَةُ وَالسَّلاَمُ عَلَى سَيِّدِنَا مُحَمَّدٍ ﷺ الَّذِيْ بَعَثَهُ اللهُ لِلْإِنْسَانِيَةِ مُؤَدِّبًا، وَعَلَى آلِهِ وَأَصْحَابِهِ الطَّيِّبِيْنَ الْأَطْهَارِ، وَعَلَى مَنْ نَهَجَ نَهْجَهُمْ، وَاقْتَفَى أَثَرَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الدِّيْنِ، أَمَّا بَعْدُ:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿ اَلْمَالُ وَالْبَنُوْنَ زِيْنَةُ الْحَيَاةِ الدُّنْيَا ﴾

﴿مال ـ دۇنيا ۋە بالا ـ چاقا دۇنيا ھاياتىنىڭ زىنىنتىدۇر﴾ (18 ـ سۈرە/كەھف 46 ـ ئايەت).

ئايەتتە ئېيتىلغاندەك بالىلار ھاياتىمىزنىڭ زىنىنتىدۇر، ئۇلارسىز بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا شېرىنلىك بولمايدۇ. دىلىمىزنىڭ شادلىقى ئەنە شۇ بالىلىرىمىزدۇر، ئۇلار بىزنىڭ كەلگۈسى ئۈمىدىمىز، ئۇلار بىزنىڭ كۆز نۇرىمىز، ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىمىز، ئۇلار ئاللاھ تائالا بىزگە ئاتا قىلغان نېئمەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئېسىل نېئمەت، ئەۋلادلىرىمىز بىزنىڭ نام ـ نىشانىمىزنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئىز ـ باسارىمىز، بىز ياققان چىراغنى يورۇتقۇچىلاردۇر. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ كېلەچەكلىرىدۇر. شۇنداق بولغاچقا زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىپ:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿ رَبِّ لَا تَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ ﴾

﴿«ئى رەببىمىز! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىغىن، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىسسەن» دېدى﴾ (سۈرە ئەنبىيا 89 ـ ئايەت).

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئەنە شۇ پەرزەنتنى ئاللاھتىن تىلەپ دۇئاسىدا:

قَالَ اللهُ تَعَالَىٰ: ﴿ رَبِّ هَبْ لِيْ مِنَ الصَّالِحِيْنَ ﴾

﴿ئى رەببىم! ماڭا بىر ياخشى پەرزەنت ئاتا قىلغىن﴾ (37 ـ سۈرە/سافقات 100 ـ ئايەت) دەپ ئاللاھقا يېلىندى.

سالىھ مۇئمىنلەرمۇ دۇئالىرىدا ياخشى پەرزەنت تىلىگەن بولۇپ، قۇرئاندا مۇنداق كەلگەن:

قَالَ اللهُ تَعَالَىٰ: ﴿وَالَّذِيْنَ يَقُوْلُوْنَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾

﴿ئۇلار «ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى (يەنى بىزگە ساڭا ئىتائەتمەن پەرزەنت ئاتا قىلىشىڭنى) تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچىسى) قىلغىن» دەيدۇ﴾ (25 ـ سۈرە/فۇرقان 74 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ باقىدىغان بولساق بىزگە ئايان بولىدۇكى، پەيغەمبەرلەر بولسۇن، ياكى سالىھ مۇئمىنلەر بولسۇن ياخشى ئىشلىرىغا ياراملىق پەرزەنتلەرنىڭ ۋارىس بولۇشىنى تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلغان. بىزمۇ ياخشى ئىشلىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىدىغان، يۈزىمىزنى يورۇق قىلىدىغان، ياراملىق، سالىھ پەرزەنتلەرگە موھتاج. پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش ئاتا ـ ئانىلارغا، شۇ پەرزەنتكە، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتكە نۇرغۇنلىغان ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاخىرەتتىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەۋلاد تەربىيەسى ھاياتى دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن، ھۇزۇرلۇق ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. چۈنكى پۈتكۈل جەمئىيەت، پۈتكۈل ئۇممەت تەربىيە كۆرگەن ئەۋلادلارغا موھتاج. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم كىشىلىرىمىز تەربىيەنىڭ ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكتىن، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەشكە سەل قاراۋاتىمىز. شۇڭا، بىز تۆۋەندە ئايەت ـ ھەدىسلەرنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ پەزىلىتىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچى.

## ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنىڭ ئېرىشكەن ساۋابىغا

## ئوخشاش ساۋابقا ئېرىشىدۇ

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللّٰه عَنْهُ أَنَّ رَسُوْلَ اللّٰهِ ﷺ قال: «مَنْ دَعَا إِلَى هُدًى كَانَ لَهُ مِنَ الْأَجْرِ مِثْلُ أُجُوْرِ مَنْ تَبِعَهُ لَا يُنْقِصُ ذَلِكَ مِنْ أُجُوْرِهِمْ شَيْئاً، وَمَنْ دَعَا إِلَى ضَلَالَةٍ كَانَ عَلَيْهِ مِنَ الْإِثْمِ مِثْلُ آثَامِ مَنْ تَبِعَهُ لَا يُنْقِصُ ذَلِكَ مِنْ آثَامِهِمْ شَيْئاً»]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىراۋنى توغرا يولغا باشلاپ قويغان بولسا، ئاشۇ كىشىگە، توغرا يولغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرگە بېرىلىدىغان ئەجردىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ. كىمكى بىراۋنى بىر يامانلىققا باشلاپ قويغان بولسا، ئاشۇ كىشىگە، يامانلىققا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھىدىن ھېچ نەرسە كېمەيتىلمەستىن ئەگەشكۈچىلەرنىڭ گۇناھىغا ئوخشاش گۇناھ بولۇپ تۇرىدۇ» (مۇسلىم).

دېمەك، بىرەر ئىشنى قىلىشقا سەۋەب بولغۇچى بىلەن شۇ ئىشنى قىلغۇچى مۇكاپات ۋە جازادا ئوخشاشتۇر، ئەگەر بىز پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلىسەك، ئۇلار بىر ياخشى ئىش قىلسا، ئاللاھ تائالا بىزگىمۇ ئۇلار قىلغان ئىشنىڭ ساۋابىغا ئوخشاش ساۋابنى بېرىدۇ.

بۇ ھەدىس بىزگە يەنە شۇنى ئاگاھلاندۇرىدۇكى: بىز پەرزەنتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەي، ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويساق، ھەدىسنىڭ داۋامىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا شېرىك بولۇپ قالىمىز. (بۇنىڭدىن ئاللاھ ئۆزى ساقلىسۇن!)

## ئاتا ـ ئانىلار ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ سالىھ پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى ئەمەللىرىدىن كېلىدىغان ساۋابقا ئېرىشىپ تۇرىدۇ

اَلْحَدِيْثُ: [ إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ إِنْقَطَعَ عَنْهُ عَمَلُهُ إِلَّا مِنْ ثَلَاثٍ صَدَقَةٌ جَارِيَةٌ أَوْ عِلْمٌ يُنْتَفَعُ بِهِ أَوْ وَلَدٌ صَالِحٌ يَدْعُو لَهُ (بخاري) ]

«ئىنسان ۋاپات بولسا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ خىل ئەمىلى ئۈزۈلمەي داۋاملىق قالىدۇ. بىرسى، سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە قىلىنغان سەدىقە)، ئىككىنچىسى، (ئۇ كىشىدىن قالغان) باشقىلار مەنپەئەت ئالغان ئىلىم (يەنى تەربىيەلىگەن شاگىرتى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇپ قويغان ياخشى ئەسەرلىرى)، ئۈچىنچىسى، سالىھ، ياخشى بالىسىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە قىلغان دۇئاسى» (بۇخارى).

ئىنسان ئۆلۈپ كەتسىلا ئەمەل قىلالمايدۇ، ئاخىرەتتە ھاياتى دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرىنىڭ مەنپەئەتىنىلا كۆرىدۇ. لېكىن ھەدىستە ئېيتىلغاندەك ئۈچ ئىشنىڭ نەتىجىسى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇ كىشىگە يېتىپ تۇرىدۇ. شۇلارنىڭ بىرى ئاتا-ئانىسىغا دۇئا قىلىپ تۇرىدىغان سالىھ پەرزەنتتۇر. بىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ دۇنيادا تەربىيەلىگەن ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىمىز. پەرزەنتلەر بىز ئامالسىز قالغاندا، ھېچقانداق جايدىن ساۋاب كەلمەيدىغان چاغدا بىزگە ئەسقاتىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىزنىڭ ياخشىلىقلىرىمىزنى كۆپەيتىپ، خاتالىقلىرىمىزنىڭ مەغپىرەت بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

## قىزلارنى ياخشى تەربىيەلەش دوزاختىن ساقلايدىغان قالقان بولىدۇ

قىزلارنى ياخشى تەربىيەلىگەنلىك ئۇممەتنىڭ كەلگۈسىدىكى ئانىلىرىنى تەربىيەلىگەنگە باراۋەر. ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئۇممەتنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكتۇر. چۈنكى ئۇلار كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تۇنجى ئۇستازى، پەرۋىشچىسى. ئۇلار بىلىمسىز، تەربىيەسىز قالسا كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ تەلىم-تەربىيەسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزلارنى تەربىيەلەشنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ : سَمِعْتُ رَسُوْلَ اللهِ ﷺ يَقُوْلُ: «مَنْ كَانَ لَهُ ثَلَاثُ بَنَاتٍ فَصَبَرَ عَلَيْهِنَّ وَأَطْعَمَهُنَّ وَسَقَاهُنَّ وَكَسَاهُنَّ مِنْ جِدَتِهِ كُنَّ لَهُ حِجَابًا مِنَ النَّارِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ» ]

«بىراۋنىڭ ئۈچ قىزى بولسا ئۇلارنى (تەربىيەلەشتىكى جاپا-مۇشەققەتلەرگە) سەبرى قىلسا، ئۇلارنى ھالالدىن يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك بىلەن تەمىنلىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ قىزلار شۇ كىشى ئۈچۈن دوزاختىن (ساقلايدىغان) پەردە بولىدۇ» (ئىبنى ماجە).

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عَائِشَةَ ، رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا ، قَالَتْ : قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ : «مَنِ ابْتُلِيَ مِنَ الْبَنَاتِ بِشَيْءٍ فَأَحْسَنَ إِلَيْهِنَّ كُنَّ لَهُ سِتْرًا مِنْ النَّارِ» ]

«كىمكى قىز پەرزەنتلىرى سەۋەبلىك مەلۇم ئىشلاردا سىناققا دۇچ كەلسە، ئاندىن ئۇ كىشى ئۇلارغا ياخشىلىق قىلسا، ئۇ قىزلار شۇ كىشى ئۈچۈن دوزاختىن (توسىدىغان) پەردە بولىدۇ» (مۇسلىم).

بۇ ھەدىسلەردىن چۈشىنەلەيمىزكى، ناۋادا بىز قىز پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشساق، ئۇلار ئاخىرەتتە بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاپ قالىدۇ.

## پەرزەنت تەربىيەلەش ئارقىلىق ئاخىرەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن بولغىلى بولىدۇ

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رضى الله عنه قَالَ، قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ : «مَنْ عَالَ جَارِيَتَيْنِ حَتَّى تَبْلُغَا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَنَا وَ هُوَ» وَضَمَّ أَصَابِعَهُ ]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىككى قىزنى بالاغەتكە يەتكۈچىلىك ياخشى تەربىيەلىسە، قىيامەت كۈنى ئۇ كىشى مەن بىلەن مۇشۇنداق بولىدۇ، دەپ بارماقلىرىنى جۈپلەپ كۆرسەتتى» (مۇسلىم).

بىز ھەممىمىز ئاخىرەتتە يۇقىرى دەرىجىلەرگە ئېرىشىشەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن تۇرساق دەپ ئۈمىد قىلىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ھەدىستە بۇنىڭ ئاسان يولىنى كۆرسىتىپ بەردى، قىز پەرزەنتلىرى بار كىشىلەر ئۈچۈن بۇ چوڭ خۇشاللىق، تېپىلغۇسىز پۇرسەت. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، قىزلىرىنى ياخشى تەربىيەلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېقىن بولۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ يولىنى ئاللاھ ئاسان قىلغۇسى!

## سالىھ پەرزەنتنى تەربىيەلىگۈچىلەرنىڭ ياخشى نامى تىلغا ئېلىنىپ ھۆرمەتلىنىدۇ

ئاللاھ تائالا ئائىلىسىگە ياخشى تەربىيە قىلغان ئىسمائىل

ئەلەيھىسسالامنى «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ماختىدى ۋە قىيامەتكىچە بولغان كىشىلەرگە ئۈلگە قىلدى:

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿ وَكَانَ يَأْمُرُ أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا ﴾

﴿ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى، رەببىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى﴾ (19 ـ سۈرە/مەريەم 55 ـ ئايەت).

لوقمان ھېكىم ئوغلىنى ساغلام ئەقىدە ئۈستىدە تەربىيىلىگەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۇنى ماختاپ مۇنداق دېگەن:

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿ وَإِذْ قَالَ لُقْمَانُ لِابْنِهِ وَهُوَ يَعِظُهُ يَا بُنَيَّ لَا تُشْرِكْ بِاللّٰهِ إِنَّ الشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھېكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى﴾ (31 ـ سۈرە/لوقمان 13 ـ ئايەت).

دېمەك، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىككى سالىھ بەندىسىنى «قۇرئان كەرىم»دە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشى ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان تەربىيەسىنىڭ ياخشى بولغانلىقى جەھەتىدىندۇر. ئادەتتە تۇرمۇشىمىزدا بىزمۇ بالىلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن ئاتا ـ ئانىلارنى ماختاپ: پالانى بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلىدى، دەيمىز. بۇنىڭدىن شۇنى بىلەلەيمىزكى، پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيىلىگەن چاغدا بىز باشقىلارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، ياخشى تەرىپلىشىگە ئېرىشەلەيمىز، بەلكىم بۇ ياخشى تەرىپلەشلەر پەرزەنتلەرگە بولغان توغرا تەربىيەلەر سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ بىزگە بۇ دۇنيادا بەرگەن مۇكاپاتىدۇر.

## سالىھ پەرزەنتلەر ئارقىلىق ئاتا ـ ئانىلار قىيامەت كۈنى

## كاتتا شەرەپكە نائىل بولالايدۇ

پەرزەنت تەربىيەلەشنىڭ پەزىلەتلىرىدىن يەنە بىرى، قىيامەت كۈنىدىكى كاتتا شەرەپتۇر. قۇرئان ئوقۇپ ۋە يادلاپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىيامەت كۈنىدە بېرىلىدىغان مۇكاپات ھەققىدە ھەدىس شەرىپتە مۇنداق دېيىلگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ الْأَسْلَمِيِّ ، عَنْ أَبِيْهِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ : قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ : «مَنْ قَرَأَ الْقُرْآنَ وَتَعَلَّمَهُ وَعَمِلَ بِهِ أُلْبِسَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ تَاجًا مِنْ نُوْرٍ ضَوْءُهُ مِثْلُ ضَوْءِ الشَّمْسِ ، وَيُكْسٰى وَالِدَاهُ حُلَّتَيْنِ لَا تُقَوَّمُ بِهِمَا الدُّنْيَا فَيَقُوْلَانِ : بِمَا كُسِيْنَا هذا ؟ فَيُقَالُ : بِأَخْذِ وَلَدِكُمَا الْقُرْآنَ» (اَلْمُسْتَدْرِكُ عَلَى الصَّحِيْحَيْنِ)]

ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى قۇرئان ئوقۇپ، ئۇنى ئۆگەنسە ۋە قۇرئاندىكى ھۆكۈملەرگە ئەمەل قىلسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا قۇياشتەك نۇر چاچىدىغان نۇرلۇق تاج كەيدۈرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا پۈتۈن دۇنيانىڭ قىممىتى تەڭ بولالمايدىغان تون كەيدۈرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: نېمە سەۋەب بىلەن بىزگە بۇ تون كەيدۈرۈلدى؟ دەيدۇ. ئۇلارغا: سىلەرنىڭ بالاڭلارنىڭ قۇرئان ئۆگەنگەنلىكى سەۋەبلىك، دېيىلىدۇ».

## باللارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۇ دۇنيادىكى دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ : « إِنَّ اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لَيَرْفَعُ لِلرَّجُلِ الدَّرَجَةَ؛ فيَقُوْلُ: أَنَّى لِيْ هَذِهِ؟! فَيَقوْلُ بِدُعَاءِ وَلَدِكَ لَكَ» ]

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بىر كىشىنىڭ دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى: ماڭا مۇنداق يۇقىرى دەرىجە نېمە سەۋەبتىن بېرىلدى؟ دەپ سورايدۇ، ئاللاھ تائالا: بالاڭنىڭ ساڭا قىلغان دۇئاسى سەۋەبلىك بېرىلدى، دەيدۇ» (ئەھمەد).

بۇ ھەدىستىن كۆرەلەيمىزكى، بىز تەربىيەلىگەن پەرزەنتلەر بىزنىڭ كەينىمىزدىن بىزگە دۇئا قىلىپ تۇرسا، شۇ دۇئالار سەۋەبلىك ئاللاھ بىزنىڭ دەرىجىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، پەرزەنتلەر ياخشى تەربىيەلىگەندىلا بىزگە دۇئا قىلىدۇ، ناۋادا تەربىيەسى ياخشى بولمايدىكەن، كەينىمىزدىن بىزنى تىللىشى، ئۆزىنىڭ يامان يولغا مېڭىپ قىلىشىنى بىزگە

ئارتىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا، پەرزەنتلەرنى سالىھ پەرزەنت قىلىپ تەربىيەلەش تولىمۇ زۆرۈر.

## پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ

## رەھمىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ :قَبَّلَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ الْحَسَنَ بْنَ عَلِيّ وَعِنْدَهُ الأَقْرَعُ بْنُ حَابِسٍ التَّمِيْمِيُّ جَالِسًا فَقَالَ الأَقْرَعُ: إِنَّ لِيْ عَشَرَةً مِنَ الْوَلَدِ مَا قَبَّلْتُ مِنْهُمْ أَحَدًا، فَنَظَرَ إِلَيْهِ رَسُولُ اللهِ ﷺ ثُمَّ قَالَ: «مَنْ لاَ يَرْحَمْ لا يُرْحَمْ» (متفق عليه) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەسەن ئىبنى ئەلىنى سۆيۈپ قويغان ئىدى، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئەقرەئ ئىبنى ھابىس مۇنداق دېدى: مېنىڭ ئون بالام بار، مەن ئۇلاردىن بىرىنىمۇ سۆيۈپ باقمىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى: «باشقىلارغا رەھىم قىلمىغان ئادەم باشقىلارنىڭ مېھرى ـ شەپقىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَاصِ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ: «اَلرَّاحِمُوْنَ يَرْحَمُهُمُ الرَّحْمٰنُ إِرْحَمُوْا مَنْ فِي الأَرْضِ يَرْحَمْكُمْ مَنْ فِي السَّمَاءِ » ]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مېھرى ـ شەپقەت قىلغۇچىلارغا مېھرىبان ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ، سىلەر زېمىندىكىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، ئاسماندىكىلەر سىلەرگە رەھىم قىلىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى).

بۇ ھەدىس بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئەگەر بىز پەرزەنتلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا كۆيۈنسەك، ئۇلارنىڭ تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلسەك، بۇ چاغدا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلەيمىز، ناۋادا ئۇلارغا كۆيۈنمىسەك، ئائىلە ئىللىقلىقىنى يەتكۈزمىسەك، ئاتا ـ ئانا مېھرىنى بەرمىسەك، ئۇلار تەلىم ـ تەربىيەنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسە، بۇ سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن

مەھرۇم بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

## پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش ئاللاھ تائالانىڭ

## بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا قُوْا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيْكُمْ نَارًا وَقُوْدُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلائِكَةٌ غِلاَظٌ شِدَادٌ لاَ يَعْصُوْنَ اللهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُوْنَ مَا يُؤْمَرُوْنَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، رەھىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقلاڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ (66 ـ سۈرە/تەھرىم 6 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا بىزنى پەرزەنتلىرىمىزنى دوزاختىن ساقلاپ قېلىشقا بۇيرىدى. پەرزەنتلەرنى دوزاختىن ساقلاپ قېلىش ئۇلارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىش، ياخشى ـ يامانني ۋە ھالال ـ ھارامنى بىلدۈرۈش، ھەق ـ ناھەقنى تونۇتۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر بىز پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەپ، سالىھ پەرزەنت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقساق، ئاللاھنىڭ بۇ ئايىتىگە ئەمەل قىلغان بولىمىز. چۈنكى تۆۋەندىكى ھەدىستە بايان قىلىنغاندەك، پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانا تەربىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ:

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ اَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ : «كُلُّ مَوْلُودٍ يُوْلَدُ عَلَى الْفِطْرَةِ فَأَبَوَاهُ يُهَوِّدَانِهِ أَوْ يُنَصِّرَانِهِ أَوْ يُمَجِّسَانِهِ» (البخاري) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنسان ئەۋلادىنى ئاللاھنى تونۇشتىن ئىبارەت توغرا ئەقىدە ئۈستىدە يارىتىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى يا يەھۇدىي قىلىدۇ، ياكى خىرىستىيان قىلىدۇ، ياكى مەجۇسىي قىلىدۇ».

بۇ ھەدىس ئاتا ـ ئانا تەربىيەسىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىكەنلىكىنى، پەرزەنتلەرنىڭ كېلەچەك ھاياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلەرنى كىچىككىدە قايسى يولغا باشلىسا، قانداق تەربىيە بەرسە شـــۇ تەربىيە بويىچە چوڭ بولىدۇ ۋە هاياتلىق يولىنى شـــۇ بويىچە تاللايدۇ. باللارنىڭ تەبىئىي تۈيغۇلىرىدا بار بولغان بۇ ئىسلامىي ئاڭنى زايە قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ:

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ: «كَفٰى بِالْمَرْءِ إِثْمًا أَنْ يُّضَيِّعَ مَنْ يَّقُوْتُ» ]

ئابدۇللا ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەمنىڭ ئۆز تەربىيەسى ئاستىدىكى پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلىمەسلىكى ئۇنىڭغا يېتەرلىك گۇناهتۇر» (ئەهمەد).

## پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش ــ ئاتا ـ ئانىلار ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتتۇر

ئىسلام دىنى باللارنى ئىسلام كۆرسەتمىسى بويىچە تەربىيەلەپ چىقىش بۇرچىنى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئۈستىگە يۈكلىگەن. ئاتا ـ ئانا باللىرىنى ئىمان ـ ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا مەسئۇلدۇر. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئورۇندىمىغان، ياكى كەمتۈك ئورۇندىغان ئاتا ـ ئانا ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلىقلىرى سەۋەبلىك ئۆزلىرىنى ئاخىرەتنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇئمىنلەرگە قارىتا:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا قُوْا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيْكُمْ نَارًا وَقُوْدُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ عَلَيْهَا مَلَائِكَةٌ غِلَاظٌ شِدَادٌ لاَ يَعْصُوْنَ اللهَ مَا أَمَرَهُمْ وَيَفْعَلُوْنَ مَا يُؤْمَرُوْنَ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە باال ـ چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشالر يېقىلغۇ بولىدىغان، رەهىم قىلمايدىغان قاتتىق قول پەرىشتىلەر مۇئەككەل بولغان دوزاختىن ساقالڭلار، ئۇ پەرىشتىلەر ئاللاهنىڭ بۇيرۇقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ﴾ (66 ـ سۈرە/تەهرىم 6 ـ ئايەت) دەپ ئەمىر قىلغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قارىتا:

﴿وَأْمُرْ أَهْلَكَ بِالصَّلَاةِ وَاصْطَبِرْ عَلَيْهَا﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئائىلەڭدىكىلەرنى (ۋە ئۈممىتىڭنى) نامازغا بۇيرۇغىن، ئۆزۈڭمۇ ئۇنى ئادا قىلىشقا چىدامىلىق بولغىن﴾ (20 ـ سۈرە/تاها 132 ـ ئايەت) دەپ ئەمىر

قىلغان.

بۇ ئايەت ئائىلە ئەزالىرىنى نامازغىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ياخشىلىقلارغا بۇيرۇش ۋە ئۆزىنىڭمۇ ئۇلار بىلەن بىرگە چىدامچانلىق بىلەن ئادا قىلىشىنى ئەمىر قىلىدۇ. ناماز بولسا ئىبادەتنىڭ ۋە بارلىق ياخشىلىقنىڭ ئاۋۋىلى بولغانلىقتىن، بۇ ئايەتتە يالغۇز نامازلا تىلغا ئېلىنغان بولۇشى ئېھتىمال. ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ناماز ئوقۇيدۇ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىدۇ، تۇغقانلىرىغا سىلە-رەھىم قىلىدۇ، ئەمما ئائىلىسىدىكىلەرنى بۇ ئىبادەتلەرگە بۇيرۇمايدۇ، بەلكى ئۇلارنى ئويلاپمۇ قويمايدۇ. خۇددى ئۆزىلا ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئائىلىسىنىمۇ ئاللاھ تائالانىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالايدىغاندەك ئويلايدۇ، ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ، مۇنداق قىلىش ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تونۇمىغانلىق، ياكى تونۇسىمۇ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاتا-ئانىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۇچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ يَقُولُ: «كُلُّكُمْ رَاعٍ وَكُلُّكُمْ مَسْئُولٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، اَلْإِمَامُ رَاعٍ وَ مَسْؤُوْلٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالرَّجُلُ رَاعٍ فِي أَهْلِهِ وَهُوَ مَسْؤُوْلٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ، وَالْمَرْأَةُ رَاعِيَةٌ فِي بَيْتِ زَوْجِهَا وَمَسْؤُوْلَةٌ عَنْ رَعِيَّتِهَا، وَالْخَادِمُ رَاعٍ فِي مَالِ سَيِّدِهِ و مَسْؤُوْلٌ عَنْ رَعِيَّتِهِ» ]

«سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار مەسئۇلىيەت ئىگىسى، سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر؛ ئىمامىمۇ مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر؛ ئەر كىشىمۇ مەسئۇلىيەت ئىگىسى ئۆز ئائىلىسىگە مەسئۇلدۇر؛ خوتۇن كىشىمۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ئىگىسى بولۇپ، ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر؛ خىزمەتچى خادىمىمۇ خوجايىنىنىڭ مېلىغا نىسبەتەن مەسئۇلىيەت ئىگىسى، ئۇمۇ ھەم ئۆز مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە مەسئۇلدۇر» (بۇخارى).

پەرزەنتلەرنى قانداق تەربىيەلىگەنلىكىمىز ھەققىدە ئاللاھ تائالا بىزنى ئاخىرەتتە سوئال-سوراققا تارتىدۇ. ئەگەر ئاللاھ بۇيرۇغاندەك تەربىيەلىگەن بولساق، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا، مۇكاپاتىغا ئېرىشىمىز، ناۋادا ئۇلارنىڭ

تەربىيەسىگە كۆڭۈل بۆلمىگەن بولساق، تەربىيەلەشكە سەل قارىغان بولساق، ئاللاھنىڭ سورىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز.

## ياخشى تەربىيە بالىلارغا قالدۇرغان ئەڭ ياخشى مىراس ھېسابلىنىدۇ

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ سَالِمِ بْنِ عَبْدِ اللهِ ، عَنْ أَبِيْهِ ، قَالَ : قَالَ رَسُوْلُ اللهِ ﷺ : «مَا وَرَّثَ وَالِدٌ وَلَدًا خَيْرًا مِنْ أَدَبٍ حَسَنٍ» ]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاتا بالىغا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ ياخشى نەرسىنى مىراس قالدۇرالمايدۇ» (تەبرانى).

بۇ ھەدىس پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەشنىڭ ئۇلارغا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى بەرگەنلىك ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنى مىراس قالدۇرغانلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، بىزنى پەرزەنتلەرگە ماددىي نەرسىلەرنىلا بېرىشتىن كۆرە، ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىگە بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈشكە، ئۇلارنى ئوقۇتۇپ، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق قىلىشقا چاقىرغان، چۈنكى، بىز قالدۇرغان مال ـ دۇنيالار تېزلا تۈگەپ كېتىدۇ، ئەمما بىزنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ياخشى تەربىيەلىرىمىز ھەرگىز تۈگەپ كەتمەيدۇ.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر كىشى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئوغلىنىڭ ئۆزىنى قاقشاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ كېلىپ ئاتىسىنى قاقشاتقانلىقى توغرىسىدا تەنبىھ بېرىپ، ئەيىبلىگەن ئىدى، ئوغۇل: «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بالىنىڭمۇ ئاتىسى ئۈستىدە ھەققى بارمۇ؟» دەپ سورىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «شۇنداق، ھەققى بار» دەپ جاۋاب بەردى. ئوغۇل: «قانداق ھەقلىرى بار؟» دەپ سورىۋىدى، خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب بېرىپ: «بالىنىڭ ئانىسىنى ياخشى تاللاش، ئۇنىڭ ئىسمىنى ياخشى قويۇش، كىتابتىن (يەنى قۇرئاندىن) تەلىم بېرىش» دېدى. «ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! دادام بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى قىلمىدى، ئانام بولسا مەجۇسىي نېگىر ئىدى، ئىسمىمنى «جُعْلاً» (قوڭغۇز دېگەن مەنىدە) دەپ قويدى، قۇرئاندىن بىرەر ھەرپنىمۇ ئۆگەتمىدى» دېدى ئوغۇل. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتىغا قاراپ: «ئوغلۇم مېنى قاقشاتتى دەپ دەرد ئېيتىپ كەلدىڭمۇ؟ ئوغلۇڭ سېنى قاقشىتىشتىن ئىلگىرى سەن ئوغلۇڭنى قاقشىتىپسەن، ئوغلۇڭ ساڭا يامانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى سەن ئۇنىڭغا يامانلىق

قىلىپسەن» دېگەن ئىكەن.

مانا بۇ قىسسە تەربىيەسىز قالغان بالا ئۆزىنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ تەربىيەلىمىگەنلىكىدىن كۆرىدىغانلىقىنى، بالىلىرىنى تەربىيەلىمىگەن ئاتا-ئانىنىڭمۇ بالىسىدىن ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقىنى بىزنىڭ سەمىمىزگە سالىدۇ ۋە بالىلارنى ياخشى ئوقۇتۇپ، ئەخلاقلىق، ساپالىق، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، يارامىلىق قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىزنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىب مۇنداق دېگەنىكەن:

ئوغۇل-قىز خۇي-پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا-ئانا ياكى تەربىيەچىلەر چوقۇم ياخشى بولغان تەربىيە ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئەۋلادلارنى ئوبدان تەربىيەلىشى كېرەك.

تۆۋەندە بىز تەلىم تەربىيە بېرىش ئۇسۇلى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ، ئاتا-ئانىلار ۋە تەربىيەچىلەرگە بىر نەچچە تۈرلۈك تەۋسىيەلىرىمىزنى سۇنىمىز.

**1. بالىنى ياخشى تەربىيەلىمەكچى بولغان ھەر بىر ئاتا-ئانا ئالدى بىلەن ئۆزىدە بالا تەربىيەلەشكە لايىق ساپانى ھازىرلىشى كېرەك.**

ئىلگىرىكى سەلەف-سالىھىنلىرىمىز تەربىيەچىلەرگە شۇنداق دېگەنىكەن: سەن ئەۋلاد تەربىيەلەشنى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدىن باشلىشىڭ كېرەك. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆزى سەندە، سەن ياخشى دەپ قارىغان نەرسىنى ئۇلار ياخشى دەپ قارايدۇ، سەن يامان دەپ قارىغان نەرسىنى ئۇلارمۇ يامان دەپ قارايدۇ.

دېمەكچىمىزكى، بىزدە بىر چېلەك سۇ بولسا ئاندىن باشقىلارغا بىر قاچا سۇ بېرەلەيمىز، شۇڭا، بالىلىرىمىزدىن كۈتىدىغاننى ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدە ھازىرلايلى. خەلقىمىزدە «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دەيدىغان ماقال بار. شۇڭا تەربىيەچى ئالدى بىلەن ئۆزىدە ياخشى سۈپەتلەرنى، ياخشى ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. شۇندىلا بالىلار ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ، شۇلارنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە سىڭدۈرىدۇ.

**2. بالىڭىزغا ياخشى ئۈلگە بولۇڭ.**

پەرزەنت تۇغۇلۇپ ئۆزى ئۇچراشقان، كۆزى كۆرگەن، قۇلىقى ئاڭلىغان بارلىق

نەرسىلەر بالىلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ اللّٰهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيْظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوْا مِنْ حَوْلِكَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كەتكەن بولاتتى﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 159 ـ ئايەت).

دېمەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى بىلەن باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكەن.

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُوْلِ اللّٰهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْ اللّٰهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللّٰهَ كَثِيْرًا﴾

﴿سىلەرگە ـــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ (33 ـ سۈرە/ئەھزاب 21 ـ ئايەت).

دېمەك، ياخشى ئادەملەر باشقىلارغا تەسىر قىلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارنى ئۈلگە قىلىدۇ. شۇڭا پەرزەنتلەرگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇش، بولۇپمۇ ئۇلارغا تەسىر قالدۇرغىدەك ياخشى ئۈلگە بولۇش تولىمۇ مۇھىم.

**3. بالىڭىزنى ياخشى ئىشلارغا، بولۇپمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەندۈرۈڭ.**

خەلقىمىزدە «سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقار» دېگەن ماقال بار. بۇ ماقالدا پەرزەنتلەر كىچىكىدە يېتىلدۈرگەن ئادەتنىڭ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: «سىلەر بالىلىرىڭلارنى ياخشىلىققا ئادەتلەندۈرۈڭلار».

اَلْحَدِيْثُ: [ عن مُعَاوِيَةَ بْنِ أَبِي سُفْيَانَ رَضِيَ اللّٰه عَنْهُ عَنْ رَسُوْلِ اللّٰهِ ﷺ أَنَّهُ قَال : « اَلْخَيْرُ عَادَةٌ وَالشَّرُّ لَجَاجَةٌ وَمَنْ يُرِدِ اللّٰه بِهِ خَيْرًا يُفَقِّهْهُ فِي الدِّيْنِ» ]

مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ياخشىلىق بولسا ئادەتلىنىشتىندۇر، يامانلىق

بولسا تىلەشتىندۇر. ئاللاھ بىرەر كىشىگە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا ئالىم قىلىدۇ» (ئەلبانىي).

دېمەك، بالىلارنى ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەندۇرۇپ تەربىيەلەش بالا تەربىيەلەشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇللارنىڭ بىرىدۇر. چۈنكى، ياخشى ئىشلارغا ئادەتلەنگەن بالا شۇ ئىشنى دائىم قىلىدىغان بولىدۇ.

## 4. بالىڭىزنى ياخشى نەسىھەتلىرىڭىز بىلەن تەربىيەلەڭ.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿وَذَكِّرْ فَإِنَّ الذِّكْرَىٰ تَنْفَعُ الْمُؤْمِنِيْنَ﴾

﴿ۋەز ـ نەسىھەت قىلغىن، ۋەز ـ نەسىھەت مۇئمىنلەرگە پايدىلىق﴾ (51 ـ سۈرە/زارىيات 55 ـ ئايەت).

ئىرباز ئىبنى سارىيە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەز سۆزلىگەندە ساھابىلەرنىڭ قەلبلىرىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكى، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. دېمەك ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن تەربىيە قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسۇلىدۇر.

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ تَمِيْمٍ الدَّارِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ ﷺ قَالَ : اَلدِّيْنُ اَلنَّصِيْحَةُ ]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەمىم ئىبنى ئەۋس ئەددارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: «دىن نەسىھەتتۇر» دېگەن.

## 5. بالىڭىزغا تەسىرلىك، ئىبرەتلىك قىسسىلەرنى سۆزلەپ بېرىڭ.

«قۇرئان كەرىم»دە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە نۇرغۇنلىغان تەسىرلىك، ئىبرەتلىك، ھېكمەتلىك قىسسىلەر بار.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿لَقَدْ كَانَ فِيْ قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُوْلِي الْأَلْبَابِ﴾

﴿ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ﴾ (12 ـ سۈرە/يۈسۈپ 111 ـ ئايەت).

## 6. بالىڭىزغا دەل ۋاقتىدا تەربىيە بېرىڭ.

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عُمَرَ بْنِ أَبِي سَلَمَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ ، قَالَ : كُنْتُ غُلامًا فِي حِجْرِ النَّبِيِّ ﷺ ، وَكَانَتْ يَدِيْ تَطِيْشُ فِي الصَّحْفَةِ ، فَقَالَ النَّبِيُّ ﷺ : « يَا غُلامُ سَمِّ اللَّهَ ، وَكُلْ بِيَمِيْنِكَ ، وَكُلْ مِمَّا يَلِيْكَ » (متفق عليه) ]

ئۆمەر ئىبنى ئەبى سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن كىچىك بالا ۋاقتىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىدە ئىدىم، تاماقنى تاۋاقنىڭ ھەممە يېرىدىن ئالاتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەي بالام! ‹بىسمىللا› دېگىن، ئوڭ قولۇڭ بىلەن، ئالدىڭدىن يېگىن!» دەپ تەربىيە قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق بىر خاتا ئىشنى كۆرسە، دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تەربىيە قىلاتتى، ھەر بىر پۇرسەتلەردە ۋەز-نەسىھەت، تەلىم-تەربىيە قىلاتتى.

**7. ئائىلە يىغىلىشى ئارقىلىق تەربىيەلەش.**

ئائىلە يىغىلىشىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن بۇنداق يىغىلىش قىلىدىغان ئائىلىلەرمۇ ناھايىتى ئاز. تىجارەت قىلىمەن، پۇل تاپىمەن، خىزمەت قىلىمەن، دەپ ئائىلىمىز بىلەن كارىمىز بولمىسا بولمايدۇ. ئائىلىمىزدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ بىزدە ھەققى بار. شۇ ھەقلەرنىڭ جۈملىسىدىن بىزنىڭ ئۇلارنىڭ تەربىيەسىگە ۋاقىت ئاجرىتىشىمىز، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىشىمىز، ئۇلارنى ئەركىلىتىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇرۇشىمىز، ئۇلارنى چۈشىنىشىمىز دېگەندەك ئىشلاردۇر.

**8. ئائىلىگىزنى ئىناقلىقتا، شات-خۇراملىقتا تولدۇرۇڭ.**

پەرزەنتلەرنىڭ ساغلام تەربىيەلىنىشىدە ئائىلىدە ئاتا-ئانىنىڭ ئىناقلىقى، ئۆزئارا ھەمكارلىقى، ئۆزئارا بىر-بىرىنى چۈشىنىشى تولىمۇ مۇھىمدۇر. نۇرغۇنلىغان بالىلارنىڭ يامان يوللارغا كىرىپ كېتىشىگە ئاتا-ئانا ئىككەيلەننىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ياكى ئاجرىشىپ كېتىشى سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ. بولۇپمۇ ئاجرىشىشنىڭ ئۆزى بىر ئائىلە ئۈچۈنمۇ ۋە پەرزەنت تەربىيەسى ئۈچۈنمۇ چوڭ يوقىتىشتۇر.

**9. پەرزەنت تەربىيەسىدە ئاللاھ تائالادىن ھىدايەت تىلەڭ.**

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿إِنَّكَ لَا تَهْدِيْ مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللّٰه يَهْدِيْ مَنْ يَشَاءُ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِيْنَ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ. ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ (28 ـ سۈرە/قەسەس 56 ـ ئايەت).

ئايەتتە كۆرسىتىلگەندەك، ھىدايەت قىلىش ئاللاھنىڭ قول ئىلكىدە، بىز بولساق پەقەت سەۋەب قىلىمىز. ناۋادا ئاللاھ ئۆزى ھىدايەت قىلمىسا، بىز تەربىيەلەش مەقسىتىگە يېتەلمەيمىز. ئەگەر بىز پەرزەنتلەرنى ياخشى تەربىيەلەش بىلەن بىرگە ئاللاھتىن ئۇلارغا ھىدايەت سوراپ ئىلتىجا قىلساق، ئاللاھقا يالۋۇرساق، ئاللاھ تائالا دۇئالىرىمىزنى ئاڭلىغۇسى! بىزنىڭ تەربىيەلەش يولىمىزنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈسى! بىز ئاللاھقا يېلىنايلى! ئاللاھتىن پەرزەنتلەر ئۈچۈن ھىدايەت تىلەيلى!

ئى ئاللاھ! پەرزەنتلىرىمىزنى توغرا يولغا باشلىغايسەن! ئۇلارنى سالىھ پەرزەنتلەردىن قىلغايسەن! ئۇلارنى يامان يوللاردىن، يامان ئىشلاردىن يىراق قىلغايسەن! ئۇلارنى توغرا يولغا باشلىغاندىن كېيىن ئازدۇرۇۋەتمىگەيسەن! ھەممىمىزگە ياخشى پەرزەنتلەرنى رىزىق قىلىپ بەرگەيسەن! سالىھ-سالىھە پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ چىقىشقا نېسىپ قىلغايسەن! بۇ يولدا ئۇچرىغان جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەبىر قىلىدىغان مۇستەھكەم ئىرادە ئاتا قىلغايسەن!

﴿رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ أَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ أَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ إِمَامًا﴾

﴿ئى رەببىمىز! بىزگە ئاياللىرىمىز ۋە ئەۋلادلىرىمىز ئارقىلىق شادلىق بېغىشلىشىڭنى تىلەيمىز، بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى (يەنى تەقۋادارلارنىڭ نەمۇنىسى، ياخشىلىققا دەۋەت قىلغۇچىسى) قىلغىن﴾ (**25 ـ سۈرە/فۇرقان 74 ـ ئايەت**)؛

﴿رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِن نَّسِينَا أَوْ أَخْطَأْنَا﴾ (**2 ـ سۈرە/بەقەرە 286 ـ ئايەت**)

﴿ رەببىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەنلىك سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن﴾؛

﴿رَبَّنَا لاَ تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً إِنَّكَ أَنتَ الْوَهَّابُ﴾

﴿ رەببىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرۇۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾ (**3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 8 ـ ئايەت**)؛

﴿رَبَّنَا إِنَّنَا آمَنَّا فَاغْفِرْ لَنَا ذُنُوبَنَا وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

﴿ رەببىمىز! بىز شۈبھىسىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ (**3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 16 ـ ئايەت**).

# مۇسۇلمانلار ئىلىم ئۆگىنىشكە ئىنتىلىشى كېرەك

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلَّهِ، نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا ، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِيَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَن لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَ أَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ .

أَمَّا بَعْدُ:

ئىسلام دىنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئەھمىيەت بېرىدۇ، كىشىلەرنى ئىلىم ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ، « قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدە ئىلىم سۆزى 721 جايدا تىلغا ئېلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى نازىل بولغان ئايەت «ئوقۇغىن» دېگەن سۆز بىلەن باشلانغان.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿اِقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِيْ خَلَقَ ۞ خَلَقَ الْإِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ ۞ اِقْرَأْ وَرَبُّكَ الْأَكْرَمُ ۞ الَّذِيْ عَلَّمَ بِالْقَلَمِ ۞ عَلَّمَ الْإِنْسَانَ مَا لَمْ يَعْلَمْ﴾

﴿ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، رەببىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى﴾ (**96** ـ سۈرە/ئەلەق **1~5** ـ ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ئەڭ دەسلەپكى ۋەھيىدە «ئوقۇشقا دەۋەت قىلىش» ئىلىم ـ مەرىپەتنى قەدىرلەشنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسى ھېسابلىنىدۇ.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿ن وَالْقَلَمِ وَمَا يَسْطُرُوْنَ﴾

﴿نۇن، قەلەم بىلەن ۋە ئۇلار يازغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم﴾ (68 ـ سۈرە/قەلەم 1 ـ ئايەت).

بۇ يەردىكى قەلەم بولسا، ئوقۇش ۋە يېزىشنىڭ شەرەپلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ھەم كىشىلەرنى ئۆگىنىشكە تەرغىب قىلىش ئۈچۈندۇر.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿وَعَلَّمَ آدَمَ الأَسْمَاءَ كُلَّهَا﴾

﴿ئاللاھ پۈتكۈل شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە (ئادەم ئاتىمىزغا) ئۆگەتتى﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 31 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىن ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن نەرسىلەرنى پەرىشتىلەرنىڭ بىلمىگەنلىكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرىشتىلەر بىلمىگەننى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغ بولغانلىقى نامايان بولىدۇ.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿فَاسْأَلُواْ أَهْلَ الذِّكْرِ إِنْ كُنْتُمْ لاَ تَعْلَمُوْنَ﴾

﴿ئەگەر بىلمىسەڭلار ئەھلى ئىلىمدىن سوراڭلار﴾ (21 ـ سۈرە/ئەنبىيا 7 ـ ئايەت).

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿وَمَا يَسْتَوِي الْأَعْمَى وَالْبَصِيْرُ ۞ وَلَا الظُّلُمَاتُ وَلَا النُّوْرُ﴾

﴿كور ئادەم بىلەن كۆزى ساق ئادەم باراۋەر بولمايدۇ، زۇلمەت بىلەن نۇر (يەنى باتىل بىلەن ھەق) باراۋەر بولمايدۇ﴾ (35 ـ سۈرە/فاتىر 19~20 ـ ئايەت).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ طَلَبُ الْعِلْمِ فَرِيْضَةٌ عَلَى كُلِّ مُسْلِمٍ ]

«ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر» (ئىبنى ماجە).

بۇ ھەدىستە ئىلىمنىڭ مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم نەرسە ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ سَلَكَ طَرِيْقًا يَلْتَمِسُ فِيْهِ عِلْمًا سَهَّلَ اللهُ لَهُ بِهِ طَرِيْقًا إِلَى الْجَنَّةِ ]

«كىمكى ئىلىم تەلەپ قىلىش يولىغا ماڭسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ يولىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» (مۇسلىم).

ئىلىم مۇئمىن ـ مۇسۇلمانىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان،

جەننەتكە يېتەكلەپ ماڭىدىغان بىر ۋاستە.

ئىلىم ئەقىلنىڭ ئوزۇقى، ئۇ قەلبكە شادلىق بېغىشلاپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى تونۇتۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ، خۇي ـ پەيلىنى بىلدۈرۈپ ياشاش مەنبەسىنى كۆرسىتىدۇ، ئىلىم مەرىپەت تەكەببۇر ئادەمنى كەمتەر قىلىدۇ، تەرسا ئادەمنى ئېغىر ـ بېسىق قىلىدۇ، بېخىل ئادەمنى سېخى قىلىدۇ، نادان ـ جاھىل ئادەمنى تەدبىرلىك، ئەقىللىك قىلىدۇ، خار ئادەمنى ئەزىز قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي دەۋەت ئېلىپ بارغان چاغدا، قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە ئاران 17 ئادەملا ساۋاتلىق ئىدى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلارنى قىلدى، مەسىلەن: بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىكلاردىن ئەسىرگە چۈشكەنلەر ئىچىدە بىر تۈركۈم ساۋاتلىق كىشىلەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنى مۇسۇلمان بالىلىرىدىن ئون بالىنىڭ ساۋادىنى چىقىرىش بەدىلىگە قويۇپ بېرىشنى شەرت قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ گۈللىنىشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى. ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە كېرەكلىك بىلىملەرنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئۆگىنىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ اَلْحِكْمَةُ ضَآلَّةُ الْمُؤْمِنِ فَحَيْثُ وَجَدَهَا فَهُوَ أَحَقُّ بِهَا ]

«ھېكمەت مۇئمىننىڭ يىتتۈرۈپ قويغان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردىنلا تاپسا ئېلىۋېلىشقا ئۇ مۇئمىن ئەڭ ھەقلىق» (تىرمىزى).

ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ اَلْعِلْمُ خَزَائِنُ مَفَاتِحِيْهَا السُّوْأَلُ فَاسْأَلُوْا يَرْحَمْكُمُ اللهُ فَإِنَّهُ يُؤْجَرُ فِيْهِ أَرْبَعَةٌ: اَلسَّائِلُ وَالْمُعَلِّمُ وَالْمُسْتَمِعُ وَالْمُحِبُّ لَهُمْ ]

«ئىلىم بولسا خەزىنىلەردۇر، ئۇنىڭ ئاچقۇچى سوئال سوراشتۇر، سوئال سوراڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، سوئال سوراشتا تۆت تۈرلۈك ئادەمگە ئەجرى بېرىلىدۇ: سورىغۇچى، ئۆگەتكۈچى، ئاڭلىغۇچى ۋە شۇلارنى دوست تۇتقۇچى» (نۇئەيم رىۋايەت قىلغان).

ئىلىم ئىگىلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلگەنلىرى بىلەن

قانائەتلىنىپ قالماي، كەمتەر بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىلىم ئېگىلەش ئۈچۈن تىرىشىشى كېرەك. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنچە كاتتا ئىلىم ئاتا قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن مۇنداق بۇيرۇق بېرىلدى:

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿وَقُل رَّبِّ زِدْنِيْ عِلْمًا﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) «ئى رەببىم، ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن» دېگىن﴾ **(20**ـ سۈرە/تاھا **114**ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەمرى ئىلاھىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن:

[ لاَ بَارَكَ اللّٰه فِي يَوْمٍ لاَ اَزْدَادُ فِيْهِ عِلْمًا ]

«ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلمىمنى زىيادە قىلمىغان كۈنۈمگە ئاللاھ بەرىكەت بەرمىسۇن» دېگەن ئىدى.

مانا بۇ بىر كۈنىمۇ ئىلىم ئۆگەنمەي ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ، دېگەنلىك. ئىلىم ئۆگىنىشتە پايدىلىق ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا ئاللاھتىن پايدىلىق ئىلىملەرنى تىلەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

اَلْحَدِيْثُ: [ سَلُوْا اللّٰه عِلْمًا نَافِعًا وَتَعَوَّذُوْا بِاللّٰهِ مِنْ عِلْمٍ لاَ يَنْفَعُ ]

«سىلەر ئاللاھتىن پايدىلىق ئىلىمنى سوراڭلار، پايدىسىز ئىلىمدىن پاناھ تىلەڭلار».

ئىلىم چەكسىز دېڭىزدۇر، ئىنساننىڭ ھاياتى، ئىقتىدارى، شارائىتى چەكلىك بولغانلىقتىن ئىلىمنىڭ چېكىگە يېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇ ۋەجىدىن ھەر ئادەم ئۆز ئىقتىدارى ۋە شارائىتىغا بېقىپ بىلىملەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنى تاللاپ ئۆگىنىشى كېرەك.

بۇ ھەقتە مۆھتەرەم ساھابە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «دۇنيادا ئىلىم كۆپ، مەسىلە ئۇنىڭ مۇھىملىرىدىن تەلىم ئېلىشتا» دېگەنىدى.

ئىلىم ئۆگىنىشتە مەغرۇرلانماسلىق، قانائەتلەنمەسلىك كېرەك. ئۆگىنىۋالغان يېرىم ـ ياتا بىلىم بىلەن ھەممىنى بىلىمەن، دېيىشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن:

قَالَ اللّٰه تَعَالىٰ: ﴿وَمَا أُوْتِيْتُمْ مِّنَ الْعِلْمِ إِلاَّ قَلِيْلاً﴾

﴿سىلەرگە پەقەت ئازغىنە ئىلىم بېرىلگەن﴾ **(17**ـ سۈرە/ئىسرا **85**ـ ئايەتنىڭ بىر

قىسمى).

بۇ ئايەتتە ئىنسان مەرىپەت دائىرىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇمكىن قەدەر تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان بىلىمى قانچە كېڭەيگەنسىرى ئۆزىنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ شۇنچە ئازلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ئۈچ غېرىچدۇر، بىر غېرىچ ئۆگەنسە، ھە، مەن خېلى نەرسە بىلىپ قالدىم، دەپ تەكەببۇرلىشىدۇ؛ ئىككى غېرىچ ئۆگەنسە، كەمتەرلىشىپ كېتىدۇ؛ ئۈچ غېرىچ ئۆگەنسە ئۆزىنىڭ تېخى ھېچنەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ».

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ إِنْقَطَعَ عَمَلُهُ إِلَّا مِنْ ثَلَاثٍ صَدَقَةٌ جَارِيَةٌ أَوْ عِلْمٌ يُنْتَفَعُ بِهِ أَوْ وَلَدٌ صَالِحٌ يَدْعُو لَهُ (بخاري) ]

«ئىنسان ئۆلسە بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ خىل ئەملى ئۈزۈلمەي داۋاملىق قالىدۇ. بىرسى، سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە قىلىنغان سەدىقە)، ئىككىنچىسى، (ئۇ كىشىدىن قالغان) باشقىلار مەنپەئەت ئالغان ئىلىم (يەنى تەربىيەلىگەن شاگىرتى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇپ قويغان ياخشى ئەسەرلىرى)، ئۈچىنچىسى، سالىھ، ياخشى بالىسىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە قىلغان دۇئاسى».

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبى بەكرە ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ أُغْدُ عَالِماً أَوْ مُتَعَلِّمًا أَوْ مُسْتَمِعًا أَوْ مُحِبًّا وَلاَ تَكُنْ خَامِسًا فَتُهْلِكُ ]

«ئالىم بولغىن، ياكى ئۆگەنگۈچى بولغىن، ياكى ئاڭلىغۇچى بولغىن، ياكى ئۇلارنى دوست تۇتقۇچى بولغىن، بەشىنچىسى بولۇپ قالما، ھالاك بولىسەن» (بەززار رىۋايەت قىلغان).

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ «إِذَا مَرَرْتُمْ بِرِيَاضِ الْجَنَّةِ فَارْتَعُوا»، قَالُوا : يَا رَسُولَ اللهِ وَمَا رِيَاضُ الْجَنَّةِ ؟ قَالَ : «مَجَالِسُ الذِّكْرِ » (رواه الطبراني) ]

«سىلەر جەننەتنىڭ باغچىسىدىن ئۆتكىنىڭلاردا بەھرى ئېلىڭلار» دېدى. ساھابىلەر: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! جەننەتنىڭ باغچىسى دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىلىم سورۇنلىرىدۇر» دەپ جاۋاب بەردى.

تىل ئىنسانىيەتنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى، ھەرخىل تىللارنى بىلمىسە ئىلىم خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچىغا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىل ئۆگىنىش مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ يَا زَيْدُ تَعَلَّمْ لِيْ كِتَابَ يَهُوْدَ فَإِنِّيْ وَاللهِ مَا آمَنُهُمْ عَلَى كِتَابِهِمْ ]

«ئى زەيد، يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى ئۆگەنگىن، مەن ئۇلارغا خەت يازدۇرۇشقا ئىشەنچ قىلالمايمەن».

ئەينى دەۋردە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانا تىلى ئەرەب تىلىنى بىلگەندىن سىرت، بىر قانچە چەت ئەل تىلىنىمۇ پىششىق بىلەتتى.

كۆپ تىل بىلىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ۋە پايدىلىق ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالىملار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. چۈنكى، كۆپ تىل بىلسە ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى قامدىغىلى، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرغىلى، دوستلۇقنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿وَمِنْ آيَاتِهِ خَلْقُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافُ أَلْسِنَتِكُمْ وَأَلْوَانِكُمْ إِنَّ فِي ذَلِكَ لَآيَاتٍ لِّلْعَالِمِيْنَ﴾

﴿ئاللاھنىڭ ئاسمانلارنى، زېمىننى ياراتقانلىقى تىللىرىڭلارنىڭ، رەڭگىڭلارنىڭ خىلمۇ ـ خىل بولۇشى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلەردىندۇر. بۇنىڭدا بىلىملىك كىشىلەر ئۈچۈن ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئالامەتلەر بار﴾ (30 ـ سۈرە/رۇم 22 ـ ئايەت).

ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆگىنىش زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنى پەرز ئەيىن ۋە پەرز كۇپايە دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلگەن.

پەرز ئەيىن ــ ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بولغان پەرز. يەنى ئىسلام ئەقىدىسىگە ئائىت مەلۇماتلار، دىنى ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ساۋاتلار، تىرىكچىلىككە زۆرۈر بولغان، بىلىم ـ ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەتتاكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشمۇ پەرز ئەيىن دائىرىسىگە كىرىدۇ.

پەرز كۇپايە ــ بىر قىسىم كىشىلەر ئورۇنلىسا قالغانلارنىڭ گەدىنىدىن ساقىت بولىدىغان پەرز . يەنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن مەخسۇس، سىستېمىلىق ئۆگىنىدىغان ئىلىملەر ۋە ئىختىساس ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن ئۆگىنىلىدىغان ھەر قايسى پەن تۈرلىرى پەرز كۇپايە دائىرىسىگە كىرىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ئىنسانلار تۇرمۇشىدا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەرخىل ھۈنەر ـ كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى ھېكمەتمۇ بۇنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ھەزرىتى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشچە: ئادەم ئەلەيھىسسالام دېھقان، نۇھ ئەلەيھىسسالام ياغاچچى، ئىدرىس ئەلەيھىسسالام تىككۈچى، داۋۇت ئەلەيھىسسالام تۆمۈرچى، مۇسا ئەلەيھىسسالام پادىچى ئىدى. **(ھاكىم رىۋايەت قىلغان)**

ئەرەبلەرنىڭ سودىگەر قەۋم ئىكەنلىكى قۇرەيش سۈرىسىدە زىكىر قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، مەككە بىلەن شام ئارىسىدا سودا قىلغان. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام جىنلارنى ئىشچى قىلىپ، كاتتا قەسىرلەرنى بىنا قىلغان. نۇھ ئەلەيھىسسالام ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىستىداتىنى ئىشقا سېلىپ غايەت زور كېمە ياسىغان.

دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ ئىنسانلارغا بەخش ئەتكەن ئىلىملەر بولۇپ، ئۇنى ئايرىۋېتىش ياكى بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىغا قويۇش نادانلىقتۇر.

مەشھۇر ئىسلام ئالىمى مۇھەممەد ئابدۇ (1849~1905) «ياۋايىلىق دەۋرىدە قۇلاقنى يۇپۇرۇۋېلىپ، پەندىن ئايرىلىپ قېلىشقا بولاتتى، ھازىرقى دەۋردە ئۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ» دەپ ئىلىم ـ پەندىن ئايرىلسا، ئىنساننىڭ ياۋايىلىققا يۈزلىنىدىغانلىقىنى، ئىنسانىيەتنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى ئىلىم ـ پەن بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىلىم ئېلىش، پەن ـ تېخنىكا ئىگىلەش ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىگە، ئۆزىگە ۋە

جەمئىيەتكە پايدا يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىلىمنى ئۆگەنسە ئەجىر-ساۋابقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ھازىرقى دەۋر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرىدۇر. ھازىرقى زامان غاپىللىق زامانى ئەمەس بەلكى، ھوشيارلىق ۋە رىقابەت زامانىدۇر.

«قۇرئان كەرىم»دە بىزنى قاتتىق ئويلاندۇرىدىغان بىر ئايەت بار:

قَالَ اللہ تَعَالَىٰ: ﴿إِنَّ اللهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ﴾

﴿ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ﴾ (**13**- سۈرە/رەئد **11**- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

ئۇنداقتا، قانداق قىلغاندا بىر مىللەت ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ؟

كەسكىن جاۋاب شۇكى، ئالدى بىلەن دىنى بىلىملەرنى ھەم پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى، شۇنداقلا تۈرلۈك ھۈنەر-كەسىپلەرنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.

ئىلىم پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسى، مال-دۇنيا پادىشاھ ۋە بايلارنىڭ مىراسى.

ئىلىم ئۆز ئىگىسىنى قوغدايدۇ، مال-دۇنيانىڭ ئىگىسى بايلىقىنى قوغدايدۇ.

ئىلىم ئىگىسى بىلەن قەبرىگە كىرىدۇ. مال-دۇنيا ئىگىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىگىسىدىن ئايرىلىدۇ.

ئىلىم ياخشى كىشىلەرگە ئاتا قىلىنىدۇ. مال-دۇنيا ياخشى يامان ھەممە كىشىگە بېرىلىدۇ.

ئالىمغا پادىشاھ ۋە باشقىلارمۇ موھتاج بولىدۇ، ئەمما بايلارغا پەقەت كەمبەغەللەر موھتاج بولىدۇ.

ئىلىم ئىگىسىنى كەمتەرلىككە باشلايدۇ، مال-دۇنيا ئىگىسىنى تەكەببۇرلۇققا باشلايدۇ.

ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان كىشىلەر ئىلىم بىلەن ئىتائەت قىلىدۇ. ئاللاھقا ئاسىي بولغانلار مال-دۇنيا بىلەن ئاسىي بولىدۇ

ھازىر جەمئىيىتىمىزدە تاماق يەيدىغان، چاي ئىچىدىغان، ساياھەت قىلىدىغان سورۇنلار ئىنتايىن كۆپ، ئەمما كىتاب ئوقۇش سورۇنلىرى ئاز. ئاشخانا، رېستوران ، پەردازخانا، ساماۋەرخانىلارغا بارىدىغانلار ئاجايىپ كۆپ،

ئەپسۇسكى، كىتابخانىلارغا بارىدىغانلار ناھايىتى ئاز.
شۇڭا، خەلقىمىزنى كىتاب ئوقۇشقا يېتەكلەش ئىنتايىن زۆرۈر.
توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ، نىكاھ، ئەقىقىلەرگە ئوخشاش دىنىي مۇراسىملىرىمىزدا رەخت، كىيىم ـ كېچەك، لۆڭگە قاتارلىق نەرسىلەرنى قويۇشنىڭ ئورنىغا كىتاب قويساق؛ بىر ـ بىرىمىزگە كىتاب سوۋغات قىلساق؛ بىر ـ بىرىمىزگە بىلىم ھەدىيە قىلساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى ـ ھە!
ئىسلام دىنىدا ئالىملارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى يۇقىرى سانالغان، ئۇلارنىڭ ئىلمى ئورنىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارالغان.
قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿شَهِدَ اللهُ أَنَّهُ لاَ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ وَالْمَلاَئِكَةُ وَأُولُواْ الْعِلْمِ قَآئِمَاً بِالْقِسْطِ﴾
﴿ئاللاھ ئادالەتنى بەرپا قىلغان ھالدا گۇۋاھلىق بەردىكى: ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەئبۇد بەرھەق يوقتۇر؛ پەرىشتىلەرمۇ، ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ شۇنداق گۇۋاھلىق بەردى﴾ **(3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 18 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)**.
بۇ ئايەتتە ئالىملار ئاللاھتىن، پەرىشتىلەردىن كېيىن قالسىلا 3 ـ ئورۇنغا قويۇلغان.
قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِيْنَ يَعْلَمُوْنَ وَالَّذِيْنَ لَا يَعْلَمُوْنَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوْا الْأَلْبَابِ﴾
﴿ئېيتقىنكى، بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىلا ئىبرەت ئالىدۇ﴾ **(39 ـ سۈرە/زۇمەر 9 ـ ئايەت)**.
بۇ ئايەتتە بىلىملىك كىشىلەرنىڭ نادانلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى، نام ـ شەرىپىنىڭ يۇقىرىلىقى بايان قىلىنغان.
«قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا ئالىملارنى مۇكاپاتلاش ۋە ئۇلارغا يۇقىرى مەرتىۋىلەرنى بېرىشنى ۋەدە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:
قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿يَرْفَعِ اللهُ الَّذِيْنَ آمَنُوْا مِنْكُمْ وَالَّذِيْنَ أُوْتُوْا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾
﴿ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلار ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾ **(58 ـ سۈرە/مۇجادىلە 11 ـ ئايەت)**.
ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

اَلْحَدِيْثُ: [ «إِنَّ الْمَلاَئِكَةَ لَتَضَعُ أَجْنِحَتَهَا لِطَالِبِ الْعِلْمِ رِضًى بِمَا يَصْنَعُ وَإِنَّ الْعَالِمَ لَيَسْتَغْفِرُ لَهُ مَنْ فِي السَّمَاوَاتِ وَمَنْ فِي الْأَرْضِ حَتَّى الْحِيْتَانِ فِي الْمَاءِ وَفَضْلُ الْعَالِمِ عَلَى الْعَابِدِ كَفَضْلِ الْقَمَرِ عَلَى سَائِرِ الْكَوَاكِبِ وَإِنَّ الْعُلَمَاءَ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَاءِ وَإِنَّ الْأَنْبِيَاءَ لَمْ يُوَرِّثُوْا دِيْنَارًا وَلاَ دَرْهَمًا وَإِنَّمَا وَرَّثُوْا الْعِلْمَ فَمَنْ أَخَذَهُ أَخَذَ بِحَظٍّ وَافِرٍ» ]

«ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىنىڭ ئىشىدىن مەمنۇن بولۇش يۈزىسىدىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭغا رەھمەت قاناتلىرىنى يايىدۇ. ئالىم ئۈچۈن ئاسمان ـ زېمىندىكىلەر ھەتتا سۇدىكى بېلىقلارمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئالىمنىڭ ئابىدتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى خۇددى 14 كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ بارلىق يۇلتۇزلاردىن ئۈستۈن ـ يۇقىرى تۇرىدىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. شۈبھىسىزكى پەيغەمبەرلەر تىللا ـ تەڭگە مىراس قالدۇرغىنى يوق. ئۇلار پەقەت ئىلىم قالدۇرغان، ئىلىم ئالغان ئادەم چوڭ نېسىۋە ئالغان بولىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى).

بۇ ھەدىستە ئالىملارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىلىمىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى قىلىپ كۆرسىتىلىشى، ئالىملارنىڭ مۇھىم رولىغا بېرىلگەن ئەڭ يۈكسەك باھادۇر.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ ﴾

﴿ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئۆلىمالارلا قورقىدۇ﴾ (35 ـ سۈرە/فاتىر 28 ـ ئايەت).

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ فَقِيْهٌ وَاحِدٌ أَشَدُّ عَلَى الشَّيْطَانِ مِنْ أَلْفِ عَابِدٍ]

«بىر ئالىم شەيتانغا تاقابىل تۇرۇشتا مىڭ ئابىدتىن كۈچلۈكتۇر» (تىرمىزى)

سەھلى ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ فَوَاللّٰهِ لَأَنْ يَهْدِيَ اللهُ بِكَ رَجُلاً وَاحِدًا خَيْرٌ لَكَ مِنْ حُمْرِ النَّعَمِ ]

«ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھنىڭ سەن ئارقىلىق بىر ئادەمنى ھىدايەت قىلىشى سەن ئۈچۈن قىزىل تۆگىلەرنىڭ بولغىنىدىن ياخشىدۇر» (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس).

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿وَإِذَ أَخَذَ اللهُ مِيثَاقَ الَّذِيْنَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ لَتُبَيِّنُنَّهُ لِلنَّاسِ وَلاَ تَكْتُمُونَهُ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ كىتاب بېرىلگەنلەردىن (يەنى يەھۇدىيلار)دىن كىتابنى (يەنى كىتابتىكى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى) كىشىلەرگە چوقۇم بايان قىلىپ بېرىشكە ۋە يوشۇرماسلىققا ئەھدى ئالدى﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 187 ـ ئايەت).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ سُئِلَ عَنْ عِلْمٍ فَكَتَمَهُ أُلْجِمَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ بِلِجَامٍ ]

«كىمكى بىرەر ئىلىم توغرىلىق سورالسا، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرسا، قىيامەتتە ئۇنىڭغا ئوتتىن يۈگەن سېلىنىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى).

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿ فَلَوْلاَ نَفَرَ مِنْ كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِي الدِّيْنِ وَلِيُنْذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُواْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُوْنَ﴾

﴿ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنىي ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا ئىلىم تەلەپ قىلىشقا چىقمىدى﴾ (9 ـ سۈرە/تەۋبە 122 ـ ئايەت).

دېمەك، يۇقىرىقى ئايەتتىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ھەر قايسى مەھەللە ۋە يېزىلاردىن ئەھلى ئىلىم، ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقىپ، كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەپ ماڭسا، ئاندىن ھەممەيلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەزىز بولىدۇ، خار بولمايدۇ. قىيامەت كۈنى جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.

ئاللاھنىڭ «ئوقۇ» دېگەن پەرمانىغا، ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى دەۋەتلىرىگە قۇلاق سالمىغانلار بۇ دۇنيادا خارۇزار، نامرات، ناتىۋان، گۇمراھ ۋە سەرسان بولۇپ، زەبۇنلۇقتا، ئازغۇنلۇقتا، مەھكۇملۇقتا ۋە موھتاجلىقتا ئۆتىدۇ. قىيامەتتە بولسا بىھۇدە ئۆتكۈزگەن ئۆمرى ئۈچۈن سوئال ـ سوراق قىلىنىپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزگە مۇستەھكەم ئىمان، ئەقىدە ئاتا قىلىش ۋە زۆرۈر بولغان ھەممە ئىلىملەرنى نېسىپ قىلىش ئارقىلىق، ھەممىمىزنى ھىدايەتكە، گۈزەل ئىستىقبالغا يېتەكلىگەي، ئامىن! «رَبِّ زِدْنِيْ عِلْمًا نَّافِعًا وَارْزُقْنِيْ فَهْمًا ! آمِيْن»

# ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىمان ئېيتىش

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِيْ أَنْزَلَ عَلَى عَبْدِهِ الْكِتَابَ وَلَمْ يَجْعَل لَّهُ عِوَجًا، قَيِّماً لِّيُنْذِرَ بَأْساً شَدِيْداً مِنْ لَّدُنْهُ وَيُبَشِّرَ الْمُؤْمِنِيْنَ الَّذِيْنَ يَعْمَلُوْنَ الصَّالِحَاتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْراً حَسَناً . وَإِنَّهُ لَكِتَابٌ عَزِيْزٌ، لَا يَأْتِيْهِ الْبَاطِلُ مِنْ بَيْنِ يَدَيْهِ وَلَا مِنْ خَلْفِهِ تَنْزِيْلٌ مِّنْ حَكِيْمٍ حَمِيْدٍ. يَهْدِيْ بِهِ اللّٰهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلاَمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنِ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّوْرِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيْهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيْمٍ. أَمَّا بَعْدُ:

ئاللاھ تائالانىڭ بىز ئىنسانلارغا بەرگەن تالاي ـ تۈرلۈك نېئمەتلىرى ھەم شۇ نېئمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ئىمان، ئىسلام نېئمىتى ئۈچۈن ئاللاھقا مەدھىيە ـ سانالارنى يوللايمىز. ھەمدە بۇ نېئمەت ئاساسىدا دۇنيا ھاياتىمىزنى تەرتىپلەش، ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرى ئارقىلىق ئازغىنە دەسمايە بىلەن كۆپ پايدىغا ئېرىشىش يولىنى بىزگە كۆرسىتىش ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلىغان، ئۆز ھاياتىنى مۇشۇ يولغا ئاتىغان سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاللاھتىن رەھمەت، مەغپىرەت ۋە ئالى مەرتىۋە تىلەيمىز.

مەقسەتكە كەلسەك: ئىمان ئېيتىش دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغان ئىكەن ئاۋۋال شۇ سۆزگە ئېنىقلىما بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئىمان لۇغەتتە: ئىشىنىش، ئېتىقاد قىلىش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

ئىماننىڭ شەرئەت ئىستىمالىدا ئېپادىلەيدىغان مەنىسى تولىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، ئىمان ــ ئىسلام دىنىمىزنىڭ تۈپ ئېتىقاد ئاساسلىرىنىڭ ئومۇمىي

نامى. ئۇ بىزگە ھەقىقەت يولىنى كۆرسەتكۈچى، بىزنى نىجاتلىق ساھىلىغا يەتكۈزگۈچى ماياك، بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە چەكسىز بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى ئەڭگۈشتەر. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كىشىلەرنى ئادەملىك قەدىر-قىممىتىنى بىلىدىغان، ئۈمىدۋار، غايىلىك، ئەخلاقلىق ياشاشقا، بىر-بىرىگە غەمخورلۇق قىلىشقا ئۈندىگۈچى بىردىنبىر ئامىل.

ئۇ ئىنسانغا كىشىلىك ھاياتتىكى مۇھىم، ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرنى تونۇتىدۇ. ئىنساننى دۇنيادا ئادىل، غۇرۇرلۇق، باتۇر، شەخسىيەتسىز، سەمىمىي-ساداقەتمەن بولغان، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، مەيلى ئاشكارا ۋە مەخپىي بولسۇن داۋاملىق تۇردە ئاللاھتىن قورقىدىغان، مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا باي بولغان تەقۋادار ئىنسانغا، رەھىمسىزلىك ۋە ئالا كۆڭۈللۈك، كۆرەلمەسلىك قاتارلىق ھەممە رەزىل قىلمىشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلغان ھالال ئىنسانغا، ئولتۇرسا-قوپسا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدىغان، ھەر ئىشىدا ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى كۆزلەيدىغان، ھەممە گۈزەل خۇلۇقلارنى ئۆزىگە جەملىگەن چىن ئىنسانغا ئايلاندۇرىدۇ. ئىماننى قەلبىگە سىڭدۈرۈپ تەربىيەلەنگەن ئادەم ھاياتتا پائالىيەتچان، ئىنتىلىشچان، يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بولغان ھەقىقىي ئىنسانغا ئايلىنىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا نائىل بولىدۇ.

ئىسلام دىنىمىز ئىماننى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئاساسىدا شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرغۇزۇش بىلەن دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مۇكەممەل ئېتىقاد سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئىماننىڭ ئىنسان ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿إِنَّ الَّذِيْنَ آمَنُوْاْ وَعَمِلُواْ الصَّالِحَاتِ يَهْدِيْهِمْ رَبُّهُمْ بِإِيْمَانِهِمْ تَجْرِيْ مِنْ تَحْتِهِمُ الأَنْهَارُ فِيْ جَنَّاتِ النَّعِيْمِ﴾

﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقانلار ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى رەببى ئۇلارنىڭ ئىمانى سەۋەبىدىن، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان نازۇ-نېئمەتلىك جەننەتلەرگە يېتەكلەيدۇ﴾ (**10- سۈرە/يۇنۇس 9- ئايەت**).

ئىماننىڭ ئىسلام دىنىمىزدا يۇقىرىقىدەك يۈكسەك ئورۇنغا ۋە ئالىي

مەرتىۋىگە ئىگە بولغانلىقى ئۇنىڭ ئىسلام دىنىمىزنىڭ جەۋھىرى ۋە روھى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

قىسقىسى، ئىمان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى بولغان «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن توپ ئەقىدىلەرنى ئېتىراپ قىلىشنى ۋە ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن ئىشىنىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُواْ آمِنُواْ بِاللهِ وَرَسُوْلِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِيْ نَزَّلَ عَلَى رَسُوْلِهِ وَالْكِتَابِ الَّذِيْ أَنْزَلَ مِنْ قَبْلُ وَمَنْ يَّكْفُرْبِاللهِ وَمَلاَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ فَقَدْ ضَلَّ ضَلاَلاً بَعِيْداً﴾

﴿ئى ئىمان ئېيتقان زاتلار! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار. كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ﴾ (4 ـ سۈرە/نىسا 136 ـ ئايەت).

دېمەك، ئىماننىڭ يەنە بىر مۇھىم رۇكنى ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ئىشىنىش.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعْالَىٰ: ﴿كَانَ النَّاسُ أُمَّةً وَاحِدَةً فَبَعَثَ اللهُ النَّبِيِّيْنَ مُبَشِّرِيْنَ وَمُنذِرِيْنَ وَأَنْزَلَ مَعَهُمُ الْكِتَابَ بِالْحَقِّ لِيَحْكُمَ بَيْنَ النَّاسِ فِيْمَا اخْتَلَفُواْ فِيهِ وَمَا اخْتَلَفَ فِيْهِ إِلاَّ الَّذِيْنَ أُوْتُوْهُ مِنْ بَعْدِ مَا جَاءَتْهُمُ الْبَيِّنَاتُ﴾

﴿ئىنسانلار (دەسلەپتە) بىر ئۇممەت (يەنى ھەق دىندا) ئىدى (كېيىن ئۇلارنىڭ بەزىسى ئىمان ئېيتىپ، بەزىسى ئىمان ئېيتماي ئىختىلاپ قىلىشتى)، ئاللاھ (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇشخەۋەر بەرگۈچى، (كۇففارلارنى دوۋزەختىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى؛ (ئاللاھ) كىشىلەرنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ھەق كىتابنى نازىل قىلدى﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەر 213 ـ ئايەت).

ئاللاھ بۇ ھەقتە يىزگە تەلىم بېرىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعْالَىٰ: ﴿قُلْ آمَنَّا بِاللهِ وَمَا أُنْزِلَ عَلَيْنَا وَمَا أُنْزِلَ عَلَى إِبْرَاهِيْمَ وَإِسْمَاعِيْلَ وَإِسْحٰقَ

وَيَعْقُوْبَ وَالأَسْبَاطِ وَمَا أُوْتِيَ مُوْسٰى وَعِيْسٰى وَالنَّبِيُّوْنَ مِنْ رَّبِّهِمْ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُوْنَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «بىز ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغانغا (يەنى قۇرئانغا)، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە، مۇساغا بېرىلگەنگە (يەنى تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەنگە (يەنى ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە رەببى تەرىپىدىن بېرىلگەنگە (يەنى كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز»﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 84 ـ ئايەت).

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئاتىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى ھەم خوجىسى، ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە بولغان پەيغەمبەرلەر ئەمەل قىلىشقا ھەم يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان دىندۇر. ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان تىللاردا نازىل بولغان ۋە شاخچە ھۆكۈملەردە قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تۈپكى ئىدىيەسى ۋە مەركىزىي نىشانى بىردۇر.

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيْمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيْلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيْمُ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ (دۇئا قىلدى): « رەببىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. رەببىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەجىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەر 127~128 ـ ئايەت).

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿إِنَّا أَنْزَلْنَا التَّوْرَاةَ فِيْهَا هُدًى وَّنُورٌ يَحْكُمُ بِهَا النَّبِيُّوْنَ الَّذِيْنَ أَسْلَمُواْ لِلَّذِيْنَ هَادُواْ﴾

﴿بىز ھەقىقەتەن مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدۇق، تەۋراتتا (توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان) ھىدايەت ۋە نۇر بار، (ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە) بويسۇنغان پەيغەمبەرلەر يەھۇدىيلار ئارىسىدا (تەۋرات بىلەن) ھۆكۈم قىلىدۇ﴾ (5 ـ سۇرە/مائىدە 44 ـ ئايەت).

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿أَمْ كُنْتُمْ شُهَدَاءَ إِذْ حَضَرَ يَعْقُوْبَ الْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيْهِ مَا تَعْبُدُوْنَ مِنْ بَعْدِي قَالُواْ نَعْبُدُ إِلَٰهَكَ وَإِلَٰهَ آبَائِكَ إِبْرَاهِيْمَ وَإِسْمَاعِيْلَ وَإِسْحٰقَ إِلَٰهًا وَاحِدًا وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُوْنَ﴾

﴿يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقتىدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىڭ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى﴾ (2 ـ سۇرە/بەقەر 133 ـ ئايەت).

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿رَبِّ قَدْ آتَيْتَنِيْ مِنَ الْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِيْ مِنْ تَأْوِيْلِ الْأَحَادِيْثِ فَاطِرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ أَنْتَ وَلِيِّي فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ تَوَفَّنِيْ مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِيْ بِالصَّالِحِيْنَ﴾

﴿(يۇسۇف ئەلەيھىسسالام) « رەببىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى﴾ (12 ـ سۇرە/يۇسۇف 101 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالا مۇقەددەس دەستۇرىمىز «قۇرئان كەرىم» ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿ذَلِكَ الْكِتَابُ لاَ رَيْبَ فِيْهِ هُدًى لِّلْمُتَّقِيْنَ﴾

﴿بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر﴾ (2 ـ سۇرە/بەقەرە 2 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالا ئاشۇ تەقۋادارلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿والَّذِيْنَ يُؤْمِنُوْنَ بِمَا أُنْزِلَ إِلَيْكَ وَمَا أُنْزِلَ مِنْ قَبْلِكَ﴾

﴿ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ﴾ (2 ـ سۇرە/بەقەرە 4 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتلەردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن تارىختىن بۇيان نۇرغۇن كىتابلارنى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى.

ئىسـلام دىنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ، ئاللاھقا ھەم ئاللاھنىڭ كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە مۇشۇنداق ئومۇمىي مەنالار بىلەن ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىنىدۇر.

يۇقىرىقى ئايەتلەردە تەۋرات، ئىنجىل، قۇرئان، زەبۇر ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇھۇپلىرى قاتارلىقلار زىكرى قىلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىسمى تىلغا ئېلىنمىغان نۇرغۇن كىتابلار نازىل قىلىنغانلىقى بۇ كىتابلارغا ئىنكار قىلغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. شۇڭا مۇئمىن ئادەم چوقۇم ئاللاھ نازىل قىلغان بارلىق كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشى پەرزدۇر.

بۇ كىتابلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن دەپ ئىمان كەلتۈرىمىز، ئۇنداقتا ھازىر قايسى كىتابنىڭ ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىنىدۇ؟

شۇنى كېسىپ ئېيتىمىزكى، بۇ كىتابلار ئىچىدە ھازىر ئىنسانلار ئىجرا قىلىشقا ھەقلىق بولغىنى پەقەتلا «قۇرئان كەرىم»دۇر.

بۇنىڭ سەۋەبى تۆۋەندىكىچە:

1) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان سۇھۇپلارنىڭ مەزمۇنىدىن ھازىر ھېچقانداق قالدۇق يوق بولۇپ، بىزگە پەقەت نامىلا مەلۇم، شۇڭا بۇ كىتابلارغا ئەمەل قىلىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

2) زەبۇر، تەۋرات، ئىنجىل قاتارلىق كىتابلارغا كەلسەك، ئۆز ۋاقتىدا تەۋرات ۋە ئىنجىل نۇسخىلىرى كۆپ قېتىم كۆچۈرۈلگەنلىكى ۋە ھەر قېتىملىق كۆچۈرۈلۈشتە كۆچۈرگۈچىلەر تەرىپىدىن بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، ئىزاھلاش، قىسقارتىش قاتارلىق نۇرغۇن بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىغانلىق سەۋەبلىك ئاللاھ نازىل قىلغان ئەھكاملاردىكى ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەن. ئەمەل ـ مەنسەپ ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ ئاللاھنىڭ كىتابى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەن ئەھلى كىتابلار ھەققىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ اللّٰهُ تَعَالىٰ: ﴿وَإِنَّ مِنْهُمْ لَفَرِيْقًا يَلْوُوْنَ أَلْسِنَتَهُمْ بِالْكِتَابِ لِتَحْسَبُوْهُ مِنَ الْكِتَابِ وَمَا هُوَ مِنَ الْكِتَابِ وَيَقُوْلُوْنَ هُوَ مِنْ عِنْدِ اللّٰهِ وَمَا هُوَ مِنْ عِنْدِ اللّٰهِ وَيَقُوْلُوْنَ عَلَى اللّٰهِ الْكَذِبَ وَهُمْ يَعْلَمُوْنَ﴾

﴿ئۇلاردىن بىر تۈركۈمى كىتابتا بولمىغان نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ كىتابتا بار ئىكەن دەپ ئويلىشىڭلار ئۈچۈن تىللىرىنى ئەگرى ـ بۈگرى قىلىپ ئوقۇيدۇ ۋە بۇ ئاللاھ تەرەپتىن

نازىل بولغان دەيدۇ. ھالبۇكى ئۇ ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان ئەمەس؛ ئۇلار بىلىپ تۇرۇپ ئاللاھ نامىدىن يالغاننى توقۇيدۇ﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 78 ـ ئايەت).

3) يۇقىرىقى سەۋەبلەردىن باشقا، پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمىلا كۆچكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەمەلدىن قالدىغانلىقىغا مۇنۇ دەلىل يېتەرلىكتۇر: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى تۇتقان يولى شۇنداقكى، ھەر قاچان ئاللاھ تەرەپتىن بىر كىتاب نازىل قىلىنسا ئالدىنقىسى مەنسۇخ بولىدۇ (يەنى ئەمەلدىن قالىدۇ). چۈنكى ئاللاھ ئالدىنقى كىتابتىن داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدىغان مەزمۇنلارنى كېيىنكى كىتابتا قايتا تەكىتلەيدۇ. قالغىنىنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق يېڭى ئەھكاملارنى قوشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى كىتاب ئالدىنقىسىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدۇ ـ دە، ئالدىنقىسىغا ئەمەل قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، «قۇرئان كەرىم» بولسا ساماۋى كىتابلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى.

شۇڭا خۇلاسە قىلىمىزكى، بارلىق ساماۋى كىتابلار ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ھەق كىتاب دەپ ئىمان كەلتۈرىمىز، ئەمما بۇلار ئىچىدە ھۆكمى ئىجرا قىلىنىدىغىنى پەقەت بىرلا كىتاب، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تەرەپتىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك «قۇرئان كەرىم» ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ كىتابلارنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن چۈشكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ كىتابلاردىكى بۇرمىلانغان، قوشۇۋېتىلگەن، ئۆزگەرتىلگەن مەزمۇنلارنى ئۆز ھالىتى بويىچە ئىنسانلارغا تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم» يۇقىرىقىدەك بايان ۋە خەۋەرلەر جەملەنگەن، بارلىق كىتابلارنىڭ جەۋھىرى ۋە ئومۇمىي مەنىسى توپلانغان ئەڭ ئاخىرقى كىتاب بولغاچقا، ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بارلىق كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش بولسا «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مۇسۇلمانلار بولسا «قۇرئان كەرىم» كۆرسەتمىسى ئاستىدا ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىسلام دىنىغا بېغىشلىشى ۋە كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈشى جەزمەن «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈشى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، شۇڭا تۆۋەندە «قۇرئان

كەرىم»گە دائىر مەزمۇنلار ھەققىدە توختىلىمىز.

قَالَ اللّٰهُ تَعَالىٰ: ﴿وَكَذَٰلِكَ أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ رُوحاً مِّنْ أَمْرِنَا مَا كُنْتَ تَدْرِي مَا الْكِتَابُ وَلَا الْإِيْمَانُ وَلَـٰكِنْ جَعَلْنَاهُ نُوراً نَّهْدِي بِهِ مَنْ نَّشَاءُ مِنْ عِبَادِنَا﴾

﴿شۇنىڭدەك (يەنى باشقا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغاندەك) ئەمرىمىز بويىچە ساڭا قۇرئاننى ۋەھيى قىلدۇق، سەن (ۋەھيىدىن ئىلگىرى) قۇرئاننىڭ ۋە ئىماننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقمايتتىڭ، لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز﴾ (42 ـ سۈرە/شۇرا 52 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم» ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ئاساسى، كىشىلىك مۇئامىلە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق قامۇسى بولغاندىن سىرت يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىنى، ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىلاھىي، ئەدەبىي، ئىلمىي مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىسپاتلايدىغان، زامان، ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، تەكرار ئوقۇلسىمۇ ئۆزىنىڭ يېڭىلىق تۈسىنى يوقاتمايدىغان، ئاجايىپ سىرلىرى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ئىلاھىي كىتابتۇر.

ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا «قۇرئان كەرىم»نى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان روھ ۋە جاھىلىيەت زۇلمىتىدىن، ئىماننىڭ يورۇقلۇقىغا ئېلىپ بارىدىغان پارلاق نۇر قىلدى. ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆز دىنىنىڭ دەستۇرى، ئۆز رەببىنىڭ كالامىنى چۈشىنىشتىنمۇ ئارتۇق نېئمەت بولمىسا كېرەك. «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىلاھىي سىرلاردىن ۋە مۆجىزىلىك بايانلاردىن خەۋەردار بولۇش ئىمان ۋە ئېتىقادنى تېخىمۇ چىڭىتىدۇ، بېيىتىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى بىلىملىرىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بەك زۆرۈر.

1) «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى ۋە خاتىرىلىنىشى

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇشى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قىرىق ياشقا كىرىپ پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كېلىشى بىلەن باشلىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولغان 23 يىل ئىچىدە پارچە ـ پارچە ھالەتتە نازىل قىلىنغان. «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ھەر قېتىم نازىل بولغاندا رەسۇلۇللاھ ئۇنى ساھابىلەرگە تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى ۋە

خاتىرىلىۋېلىنىشقا بۇيرۇيتتى. ساھابىلەر ئۇنى خورما دەرەخلىرىنىڭ قوۋزاقلىرىغا، قوي ـ كالىلارنىڭ دولا ئۇستىخانلىرىغا، ياپىلاق تاشلارغا ۋە ئۆزلىرىگە ئەپلىك بولغان تېرە ياكى ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەرگە خاتىرىلىۋالاتتى. شۇنداقلا رەسۇلۇللاھ ئۆزى خەت يازالمىغاچقا، مەخسۇس بىر بۆلۈك ساھابىلەرنى ھەر بىر نازىل بولغان ئايەتنى ئۇدۇللۇق خاتىرىلەپ تۇرۇشقا تەشكىللىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ، نازىل بولغان پېتى خاتىرىلىنىشى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىدى.

2) «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرىنىڭ تارقاق ھالەتتىن توپلام ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈشى

رەسۇلۇللاھ ئالەمدىن ئۆتكەندە «قۇرئان كەرىم» ساھابىلەردىن قۇرئاننى يادلىۋالغان قارىلارنىڭ دىللىرىدا ۋە رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا خاتىرىلەنگەن نۇسخىلاردا تارقاق ھالەتتە ساقلىنىپ تۇراتتى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىكى يەمامە غازىتىدا نۇرغۇن ساھابىلەر جۈملىدىن قارىيلار شېھىت بولدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب «قۇرئان كەرىم»نى تولۇق يادقا بىلىدىغان قارىيلار مۇشۇنداق ئازىيىپ تۈگەپ كەتسە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ خاتىرىلەنگەن نۇسخىلىرىدا كېيىنكى دەۋرلەردە ئۆزگىرىش بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، خەلىپە ئەبۇ بەكرىگە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تارقاق ھالەتتىكى نۇسخىلىرىنى باشتىن ئاخىر بىر توپلام قىلىپ رەتلەپ ساقلاپ قويۇشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھنىڭ ۋاقتىدا بۇنداق توپلام قىلىش ئىشى بولۇپ باقمىغاچقا دەسلەپتە ئىككىلەندى، بۇ ئۇنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ يولى بويىچە يول تۇتۇپ مېڭىش جەھەتتىكى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچان بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۆمەر قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، ھەمدە باشقا مۆتىۋەر ساھابىلەرگە بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ ئۇلارنى قايىل قىلدى. بۇ ئۆمەرنىڭ ئىسلام روھىغا ۋە ئۇنىڭ مەقسىتىگە بولغان چۈشەنچىسىنىڭ سۈپسۈزۈك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئاللاھ ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا ئەنە شۇنداق ئېچىۋەتكەن ئىدى. ئۆمەر تەلەپ قىلغان بۇ ئىش بولسا، ئىسلامىيەتكە نىسبەتەن مىسلىسىز ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. ئەبۇ بەكرى ئاخىرى بۇ ئىشنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ يولىغا ئۇيغۇن ئىش ئىكەنلىكىنى قەلبىدە جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل

بولغان پېتى ساقلىنىپ قېلىشى ئۈچۈن، بۇ ئىشقا رەسۇلۇللاھنىڭ ۋەھيى خاتىرىلىگۈچى كاتىپى زەيد ئىبنى سابىتنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنىڭغا: «سەن ئەسلىدە رەسۇلۇللاھقا ۋەھيىلەرنى خاتىرىلەپ بېرىشكە مەسئۇل ئىدىڭ، سەن قۇرئان ھەققىدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كىشى، ئەمدى، قۇرئان كەرىمنى تولۇق توپلام قىلىپ چىققىن!» دېدى. زەيد ئىبنى سابىت باشقا ساھابىلەرگە ئوخشاشلا يۈكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلدى. نۇسخىلار ئىشەنچلىك، زەيد ئۆزى قۇرئاننى پىششىق يادقا ئالغان قارىي بولسىمۇ، ھەر بىر ئايەتنى توپلامغا يازغاندا نۇسخىلارغا قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەستىن، شۇ ئايەتنى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز ئاغزىدىن شۇ پېتى ئاڭلىغان ئىككىدىن ئارتۇق كىشى گۇۋاھلىق بەرگەندىلا ئاندىن يازدى. مۇشۇنداق ئىنچىكە رەتلەش نەتىجىسىدە «سۈرە فاتىھە»دىن «سۈرە ناس»قىچە بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر پۈتۈن توپلىمى خاتىرىلىنىپ چىقتى.

ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق ۋەدە قىلغان ئىدى:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿إِنَّا نَحْنُ نَزَّلْنَا الذِّكْرَ وَإِنَّا لَهُ لَحَافِظُوْنَ﴾

**﴿قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق بىز جەزمەن ئۇنى قوغدايمىز﴾ (15 ـ سۈرە/ھىجر 9 ـ ئايەت).**

ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنداشتا ئاللاھدىن راستچىلراق كىم بار؟ ئاللاھ تائالاغا تۈگىمەس ھەمدۇسانالار بولسۇنكى، ئۇ ئۆزى ۋەدە قىلغىنىدەك «قۇرئان كەرىم»نى بىزگە ئۆز دەرگاھىدىن نازىل بولغان پېتى ساقلاپ بەردى.

ئىسلامغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ يېڭى مەسىلىلەردە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولغان ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتابتەك ساھابىلەرگە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بارلىق ساھابىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرى ۋە سالاملىرى بولسۇن! ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ماڭغۇچىلاردىن قىلغىن!

3) «قۇرئان كەرىم»نىڭ پارچە ـ پارچە ھالەتتە نازىل قىلىنىشى

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىنغان مۇقەددەس ۋەھيى بولۇپ، ئۇ ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاساسى. «قۇرئان كەرىم» رەسۇلۇللاھقا 23 يىل جەريانىدا پەيدىنپەي، بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلىنغان. ئۇ نېمە ئۈچۈن بىر يولىلا نازىل قىلىنماي، بۆلۈپ ـ بۆلۈپ نازىل قىلىنغان؟ ھالبۇكى ئاللاھ ئىلگىرى ۋە

كېيىنكى ھەممە ئىشنى بىلگۈچى ئىدىغۇ؟ بۇنىڭدا نېمە ھېكمەت بار؟

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بىر يولىلا نازىل قىلىنماي پارچە-پارچە نازىل قىلىنىشىدا نۇرغۇن ھېكمەتلەر بار: تۆۋەندە ئۆز مەلۇماتلىرىمىزغا يارىشا بىر نەچچە نۇقتىنى بايان قىلىمىز:

(1) كىشىلەرنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بېسىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز قىزغىنلىقلىرى بىلەن قوبۇل قىلىشى مەقسەت قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر بىرەر ھاكىمىيەت ياكى بىرەر قانۇن-تۈزۈم كونتروللىقىدا بولۇپ باقمىغان بولۇپ، جەمئىيەت، ئىپتىدائىي قەبىلىۋازلىق شەكلىدىكى قالاق ۋە قالايمىقان ھالەتتە ئىدى. خۇددى ھازىرقى غەرب دۇنياسىدا ھەر خىل بەد-بەشىرە ئەخلاقسىزلىقلارمۇ «دېموكراتىيە» ھېسابلانغىنىدەك ئەينى چاغدىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە قىمارغىنچىلىق، ئوغرۇش-ماجىرا، ھاراقكەشلىك، زىناخورلۇق قاتارلىق بۇزغۇنچىلىقلار باتۇرلۇق ۋە ئوغۇل بالىدارچىلىقنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى، ھەر كىم ئۆز ھېسسىياتى بويىچە ئىش كۆرىدىغان، جەمئىيەت تولىمۇ قالايمىقان ئىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە، ئەھكام ۋە ئىنسانىي ئەخلاق پەزىلەتلىرىنى تولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان «قۇرئان كەرىم» بىراقلا نازىل قىلىنسا، ئۆز ۋاقتىدىكى ئەرەب جەمئىيىتى ئۈچۈن بىر يولىلا قوبۇل قىلىش، قىيىنغا توختىغان بولاتتى. ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ھېكمەت ئىگىسى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەربىر ئايەت ۋە سۈرىلىرىنى يەنى ھەر بىر ئىسلام ئەھكامىنى رېئاللىقتىكى بىرەر مەسىلىگە جاۋابەن نازىل قىلىشنى ئىرادە قىلدى. كۆپىنچە مۇسۇلمانلار بىرەر مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھقا ۋەھيى نازىل بولۇشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمىگە تەقەززا بولاتتى - دە، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەلۇم ئايەتلىرى نازىل بولاتتى. مۇسۇلمانلار ئۇنى قىزغىن قوبۇل قىلاتتى ۋە دەرھال ئىجرا قىلاتتى. مانا بۇ پارچە-پارچە، پەيدىنپەي نازىل بولۇشىدىكى نۇرغۇن ھېكمەتلەردىن بىرى.

(2) كېيىنكى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن يېڭى مەسىلىلەرگە «قۇرئان كەرىم»دىن ئىجتىھات يولى بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

(3) «قۇرئان كەرىم»نى يادلىۋېلىش ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىگىلىۋېلىش، قولايلىق بولۇشى مەقسەت قىلىنغان.

ئىسلام تارىخىدىن مەلۇمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشى بىلەن «قۇرئان كەرىم»نىڭ نازىل بولۇشى توختىغان ۋاقىتتا ساھابىلەر ئىچىدە «قۇرئان كەرىم»نى پۈتۈن يادقا بىلىدىغان، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىگە قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە پەتىۋا بېرەلەيدىغان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش بىر ئەۋلاد بۈيۈك ئالىملار بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئىزنىنى بېسىپ، ئىسلام دۇنياسىدا دىنىمىزغا زور ھەسسە قوشقان. رەسۇلۇللاھنىڭ دەۋرىدە مەخسۇس بىلىم ئېلىش ئۇنىۋېرسىتېتلىرى يوق تۇرۇپمۇ ساھابىلەر ئىچىدىكى دىن ئىلمىدە ئىختىساسلاشقان، ئۇنىۋېرسال ساپاغا ئىگە بۇ ئالىملار، دىن ئىلمىدە قانداق قىلىپ بۇ كامالەتكە يېتەلىدى؟

ئىنىقكى، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى رېئاللىقتىكى ئىشلارغا قارىتا پەيدىنپەي نازىل بولغانلىقتىن، رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكمىنى قانداق بايان قىلغانلىقى، ئەملى مەسىلىلەرنى رېئاللىقتا قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىنى، ساھابىلەر بىۋاسىتە ئاڭلاش ۋە كۆرۈش ئارقىلىق «قۇرئان كەرىم»نى يادلىۋېلىپلا قالماي، ئۇنىڭ مەسىلىلەرگە بولغان ئەھكاملىرىنىمۇ، بىر ـ بىرلەپ، ئىگىلىۋالغان. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» بىر يولىلا نازىل بولغان بولسا، ئۇنى يادلىۋېلىش ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر بىر ئايەتنىڭ ھۆكمىنى پۇختا ئىگىلىۋېلىش، ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئۇزۇن يىل بىلىم ئېلىش ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاندىن قولغا كەلگەن بولاتتى.

(4) «قۇرئان كەرىم»نى ئىنساننىڭ سۆزى دەپ دەۋا قىلغان ئەرەب مۇشرىكلىرىغا تولۇق رەددىيە بېرىش مەقسەت قىلىنغان.

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولغان دەۋردە ئەرەبلەردە ناتىقلىق، شېئىرىيەت تەرەققىي قىلغان ئىدى. «قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇۋىدى، بىر بۆلۈك ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبىدىكى ئىنسان تاقىتىدىن ھالقىغان پاساھەتلىك سۆز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، «بۇ ئىنساننىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى بىر ئىلاھىي ۋەھيى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، دەرھال ئىمان ئېيتقان، ئەمما ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان بىر بۆلۈك مۇشرىكلار، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەسلىكىنى دىللىرىدا بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ ئىمان ئېيتسا،

ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى چاكارلىرى ۋە قۇللىرى بىلەن بىر قاتاردا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆردى، چۈنكى ئىسلام دىنى، ئىنسانىيەتكە يۈكسەك دەرىجىدە باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىغان دىندۇر. ئۇلار تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىماندىن باش تارتتى ۋە «قۇرئان كەرىم»دەك مۇنداق بەدىئىي كالامنى بىلمىگەن بولىۋالدى، ھەمدە، خالىساق بىزمۇ مۇشۇنداق پاساھەتلىك سۆزلەرنى ئېيتالايمىز، دېيىشتى:

قَالَ اللّٰهُ تَعَالىٰ: ﴿وَإِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُنَا قَالُوْا قَدْ سَمِعْنَا لَوْ نَشَاءُ لَقُلْنَا مِثْلَ هَذَا إِنْ هَذَا إِلَّا أَسَاطِيْرُ الْأَوَّلِيْنَ﴾

﴿ئۇلارغا بىزنىڭ ئايەتلىرىمىز تىلاۋەت قىلىنسا، ئۇلار: «بىز (بۇ سۆزلەرنى) ئاللىقاچان ئاڭلىغان ئىدۇق، ئەگەر خالىساق ئۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرنى بىزمۇ ئەلۋەتتە قىلالايتتۇق، بۇ پەقەت بۇرۇنقىلاردىن قالغان ئەپسانىلەردۇر» دېدى﴾ **(8 ـ** سۈرە/ئەنفال **31 ـ** ئايەت**)**.

ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋابەن «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېدى:

قَالَ اللّٰهُ تَعَالىٰ: ﴿وَإِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوْا بِسُوْرَةٍ مِنْ مِثْلِهِ وَادْعُوْا شُهَدَاءَكُمْ مِنْ دُوْنِ اللّٰهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِيْنَ﴾

﴿ئەگەر (بەندىمىز مۇھەممەدكە) بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكتە بولساڭلار قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تاقابىل تۇرۇشتا) ئاللاھتىن باشقا بارلىق ياردەمچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار (قۇرئان ئىنسانىنىڭ سۆزى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار﴾ **(2 ـ** سۈرە/بەقەرە **23 ـ** ئايەت**)**.

ئۇلاردىن قۇرئانغا تەڭ تۇرىدىغان بىرەر سۈرە بولسىمۇ كەلتۈرۈپ بېقىش تەلىپى قويۇلىۋىدى، مۇشرىكلار بۇنىڭغا ئاجىز كېلىپ كۆرسەتمىگەن باھانىسى قالمىدى. ھالبۇكى «قۇرئان كەرىم» ھەر قېتىمدا بىرەر ئايەت ياكى بىر نەچچە ئايەت نازىل بولاتتى. ئەگەر «قۇرئان كەرىم» باشتىن ئاخىرغىچە بىراقلا نازىل بولسا ئىدى، ئەرەب مۇشرىكلىرى: «بۇ بەك ئۇزۇن ئىكەن، ئەگەر مۇھەممەد بىر ئايەت بىر ئايەتتىن ئوتتۇرىغا چىقارغان بولسا بىزمۇ ئۇنىڭغا بىر-بىرلەپ تەڭ كېلەلەيتتۇق» دەپ باھانە كۆرسىتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. لېكىن ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، غالىب ئاللاھ بۇ جەھەتتە ئەرەب مۇشرىكلىرىنى ھېچقانداق باھانىگە ئىمكانىيەت قالمىغۇدەك دەرىجىدە ئامالسىز قالدۇردى. ئاللاھ تائالا قىلغان ئىشىدا ئەنە شۇنداق غالىب ۋە ئۈستۈندۇر، كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى بىلمەيدۇ.

4) ئوسمانىيە نۇسخىسى

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ تولۇق رەتلەنگەن نۇسخىسىنى ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز يېنىدا ساقلىدى، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا بۇ نۇسخىنى ئۆز قىزى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئايالى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تاپشۇردى.

ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇدرەت تېپىپ، ئەتراپقا شىددەت بىلەن كېڭەيدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگە كەلگەندە ئىسلام خەلىپىلىكى ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىنى سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە كونترول قىلغان چوڭ ئىمپېرىيە بولۇپ قالغان ئىدى. خەلىپە ئوسمان بۇ رايونلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەفسەنىڭ قولىدا ساقلىنىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»نى كۆپەيتىپ ئەتراپتىكى شەھەر-ۋىلايەتلەرگە بىر نۇسخىدىن ئەۋەتىشنى قارار قىلدى، مۇشۇنداق بولغاندا «قۇرئان كەرىم» ئىلگىرىكى تەۋرات، ئىنجىلغا ئوخشاش قولدىن-قولغا ئۆتۈپ قالايمىقان كۆچۈرۈلۈش جەريانىدا ئۆزگىرىپ كېتىشتەك ئەھۋالدىن ساقلانغىلى ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارلىق نۇسخىلىرىنىڭ بىردەكلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. شۇ چاغدا زەيد ئىبنى سابىت يەنىلا ھايات ئىدى، ھەزرىتى ئوسمان، زەيد ئىبنى سابىتنى چاقىرتىپ «قۇرئان كەرىم»نى نۇسخىلارغا كۆپەيتىشتىن ئىلگىرى، بۇرۇن توپلانغان نۇسخىنى قايتا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە بۇيرۇق قىلدى. شۇ چاغدا ساھابىلەرنىڭ قوللىرىدىكى تارقاق نۇسخىلارمۇ بار ئىدى. زەيد ئىبنى سابىت بار بولغان بارلىق نۇسخىلارنى يىغىپ بىر نەچچە مۆتىۋەر ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە ئەينى چاغدا ئۆزى رەتلەپ چىققان ھەفسەنىڭ قولىدىكى نۇسخا بىلەن باشقا تارقاق نۇسخىلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن قايتا سېلىشتۇرۇپ بۇ نۇسخىنىڭ ئىشەنچلىك نۇسخا ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بېكىتتى. خەلىپە ئوسمان كېيىنكى دەۋرلەردە، زەيد ئىككى قېتىم تەكشۈرۈپ چىققان بۇ نۇسخا بىلەن باشقا نۇسخىلار ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىختىلاپ چىقىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇ توپلامدىن باشقا نۇسخىلارنى يىغىپ بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىدە پەقەتلا مۇشۇ بىر نۇسخىلا قۇرئان مەۋجۇت بولۇپ قالدى. بۇ «ئوسمانىي مۇسھەف» دەپ ئاتالدى. ئوسمان ئىبنى ئەففان «جَامِعُ اَلْقُرْآنِ»

(قۇرئاننى بىرلىككە كەلتۈرگۈچى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى. ئاندىن خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان بۇ مۇسھەفنى يەتتە نۇسخىغا كۆپەيتىپ بىرىنى ئېلىپ قېلىپ، قالغان ئالتە نۇسخىنى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ بەردى. ھازىرقى دەۋرىمىزدىكى سانسىزلىغان «قۇرئان كەرىم»لەر ئەنە شۇ ئوسمانىي مۇسھەفتىن كۆپەيتىلگەن، ئاللاھقا مەدھىيەلەر بولسۇنكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا سانسىزلىغان نۇسخىلىرى مىڭ يىللار مابەينىدە بىرەر ھەرپمۇ ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالغان «قۇرئان كەرىم»دەك بىرەر كىتاب مەۋجۇت ئەمەس. ئاللاھ تائالا ئۆز ۋەدىسىگە مۇۋاپىق «قۇرئان كەرىم»نى ئەنە شۇنداق ساقلىدى ھەم تا قىيامەتكىچە ساقلايدۇ.

5) «قۇرئان كەرىم»نىڭ بەدىئىيلىكى

«قۇرئان كەرىم»نىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى پاساھىتى، تەڭداشسىز بەدىئىيلىكى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. تېخىمۇ قايىل قىلارلىق بولغىنى شۇكى، مۇشۇنداق بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىرەر ئۇستازدىن تەلىم ئالمىغان، ئۆمرىدە بىرەر ھەرپنىمۇ يېزىپ باقمىغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىبارەت بىر ساۋاتسىز كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىدۇر. مانا بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك دەلىل. بۇ نۇقتىنى ئەرەب تىلى ۋە ئەرەب ئەدەبىياتىدىن خەۋىرى بار ھەر قانداق كىشى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدۇ، بۇرۇنمۇ مۇشۇنداق بولغان، ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ «قۇرئان كەرىم»دىن قۇسۇر تېپىش مەقسىتىدە ئۇنى تەتقىق قىلغان شەرقشۇناسلارنىڭ نۇرغۇنلىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزە ئىكەنلىكىگە قول قويۇپ ئۇنىڭ ئىنسان سۆزى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان ۋەھيىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ئىسلامغا كىرىۋاتىدۇ. كېيىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ «قۇرئان كەرىم» ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» نازىل بولۇۋاتقان دەۋردە ھەم مۇشۇنداق بولغان، ئۇ چاغدا ئەرەب ئەدەبىياتى يۇقىرى پەللىگە چىققان بولۇپ، ئەرەبلەر ھەر خىل نۇتۇق سۆزلەش يىغىنلىرى، ناتىقلىق ۋە شېئىرىيەت مۇسابىقىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى، سۆزدە ئۇستۇنلۇك قازىنىش ئۇلارنىڭ پەخرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەدەبىيات ئەمەس، بەلكى يېزىقنىمۇ تونۇمايدىغان كىشى ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم، شۇڭا

«قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت مۇنداق ئۆزگىچە بەدىئىي ئۇسلۇبتىكى كالامنىڭ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇلار ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشتى، بەزىلىرى بۇنداق كۈچلۈك ئىلمىي مۆجىزە ئالدىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ «قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھتىن ئېلىپ كەلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتتى، بەزىلىرى بولسا تەكەببۇرلۇق قىلىپ ئىمان ئېيتىشتىن باش تارتتى. شۇڭا، ئۇلار رەسۇلۇللاھقا باشقىچىرەك يول، يەنى قورال كۈچى ئىشلىتىش يولى ئارقىلىق قارشىلىشىش يولىنى تۇتتى، چۈنكى ئەرەب مۇشرىكلىرى «قۇرئان كەرىم»گە، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ پەخرى بولغان «تىل ماھارىتى» بىلەن تاقابىل تۇرۇشتىن ھەقىقەتەن ئاجىز ئىكەنلىكلىرىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى، كېيىنكى كۈنلەردە مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە مەككە تارىخىدىكى ئەڭ ئېغىر ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزدى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش پاساھەتلىك كالامنى ھېچكىمنىڭ مەيدانغا ئەبەدىي چىقىرالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ اللّٰهُ تَعَالىٰ: ﴿وَإِنْ كُنْتُمْ فِي رَيْبٍ مِمَّا نَزَّلْنَا عَلَى عَبْدِنَا فَأْتُوْا بِسُوْرَةٍ مِنْ مِثْلِهِ وَادْعُوْا شُهَدَاءَكُمْ مِنْ دُوْنِ اللّٰهِ إِنْ كُنْتُمْ صَادِقِيْنَ ۞ فَإِنْ لَمْ تَفْعَلُوا وَلَنْ تَفْعَلُوا فَاتَّقُوا النَّارَ الَّتِيْ وَقُوْدُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ أُعِدَّتْ لِلْكَافِرِيْنَ﴾

﴿بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار ۋە ئاللاھدىن باشقا بارلىق ياردەمچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. ئەگەر قىلالمىساڭلار، ئەلۋەتتە قىلالمايسىلەر، كاپىرلارغا تەييارلانغان يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن بولغان دوزاختىن قورقۇڭلار﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 23~24 ـ ئايەت).

قَالَ اللّٰهُ تَعَالىٰ: ﴿قُلْ لَئِنِ اجْتَمَعَتِ الْإِنْسُ وَالْجِنُّ عَلَى أَنْ يَأْتُوْا بِمِثْلِ هَذَا الْقُرْآنِ لَا يَأْتُوْنَ بِمِثْلِهِ وَلَوْ كَانَ بَعْضُهُمْ لِبَعْضٍ ظَهِيْرًا﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ ئۆز ئارا ھەمكارلاشقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ﴾ (17 ـ سۈرە/ئىسرا 88 ـ ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتلەردە ئاللاھ پۈتكۈل مەخلۇقاتنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ

ئوخشــىشــىنى مەيدانغا چىقىرىشــتىن ئىلگىرى ـ كېيىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى كەســكىن ۋە ئېنىق جاكارلىغان. مەلۇمكى ئۇزاق تارىختىن تا ھازىرغىچە يەر يۈزىدە «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشــايدىغان بىرەر جۈملە تۈزەلىدىم دەيدىغان بىرەر ئىنسان چىقىپ باققىنى يوق.

6) ئىلىم ـ پەن تەرىپىدىن بارغانســېرى ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان «قۇرئان كەرىم»

بۈگۈنكى دەۋر ئىلىم پەن دەۋرى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى. ھازىر ئىلىم ـ پەن ھەممە ســاھەدە ئۆز كۈچىنى نامايان قىلماقتا. «قۇرئان كەرىم»مۇ بۇ ساھەدىن مۇستەسنا ئەمەس. يېقىنقى ئەسىرلەردىن بويان تەبىئىي پەن زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشــتى، شــۇنىڭ بىلەن بىللە «قۇرئان كەرىم»دىكى كىشــىلەر تېخى تونۇپ يەتمىگەن نۇرغۇن مۆجىزىلىك پەننىي مەلۇماتلار ئىلىم ـ پەن ســاھەســىنىڭ دىققىتىنى تارتتى. يېقىنقى يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە ھازىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان «قۇرئان كەرىم» ھەققىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرى، تەرەققىي قىلغان ئەللەردىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسســىسلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىپ، بۇ ساھەدە زور تەسىر قوزغىدى.

«قۇرئان كەرىم» ئىنســانىيەت ئەقلى تەپەككۇر بىلەن ھەل قىلىپ كېتەلمەيدىغان ھەرخىل مەسىلىلەردە ئىنسانىيەتكە يول كۆرسەتكۈچى نۇر بولغان مۇقەددەس دەستۇر. ئۇ ھەممىنى بىلگۈچى قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان مۇقەددەس ۋەھيى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىلىم ـ پەن مەلۇماتلىرىدىن بەزى بىر بايانلارنى قوشۇمچە ئۆز ئىچىگە ئالغان، «قۇرئان كەرىم» تارماق مەزمۇن قاتارىدا ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇشــۇ مەزمۇنلارنى ئىنســانىيەت تا قىيامەتكە قەدەر قېزىپ تۈگىتەلمەيدۇ.

شــۇنىڭدا شــەك يوقكى، «قۇرئان كەرىم» ئىنسانىنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى، ئۇ ئاللاھنىڭ مۇقەددەس ۋەھيىســى ئىكەنلىكى ھەققىدە روشــەن دەلىللەرنى ئىنسانلار تېخىمۇ كۆپ مىقداردا كۆرىدۇ.

قَالَ اللّٰهُ تَعَالىٰ: ﴿قُلْ مَا أَسْأَلُكُمْ عَلَيْهِ مِنْ أَجْرٍ وَمَا أَنَا مِنَ الْمُتَكَلِّفِيْنَ ۞ إِنْ هُوَ إِلَّا ذِكْرٌ لِلْعَالَمِيْنَ ۞ وَلَتَعْلَمُنَّ نَبَأَهُ بَعْدَ حِيْنٍ﴾

﴿ئېيتقىنكى، ئاللاھ تەرەپتىن كەلگەن ۋەھيىنى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن قۇرئاننى توقۇپ چىققۇچى ئەمەسمەن، قۇرئان پەقەت جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز ـ نەســـھەتتۇر، بىر مۇددەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىسىلەر﴾ (38 ـ سۈرە/ساد 86~88 ـ ئايەتلەر).

## خاتىمە

بـارلـىق ســـــاماۋى كـىتابلارنى ئاللاھ تەرەپتـىن كـەلگەن ۋەھيى دەپ ئېتـىراپ قـىلـىش، ئـىمـانـنـىـڭ مۇھـىم رۇكـنى، بۇ كـىتـابلار ئىچىدە «قۇرئان كـەرىم» نۆۋەتتە ئىنسـانلار ئىجرا قـىلـىشـقا ھەقلىق بولغان بىردىنبىر كـىتاب بولۇش سـۈپىتى بىلەن باشـقا ساماۋى كـىتابلاردىن پەرقلـىنىدۇ، ئۇنداقتا قانداق قىلغاندا «قۇرئان كەرىم»گە توغرا رەۋىشتە ئىمان كەلتۈرگەنلىك بولىدۇ؟

شـۇنى بىلىش كېرەككى، «قۇرئان كـەرىم» ئاللاھتىن كـەلگەن ۋەھيى دېگەن مەزمۇننى ئاددىيلا تەسـتىقلاپ قويۇش، ئىمان ھېسـابلانمايدۇ. ئىسـلامدا «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ مۇئەييەن ئۆلچىمى بار. «قۇرئان كـەرىم»گە ئـىمان كەلتۈرۈش «قۇرئان كـەرىم» ئايەتلىرىگە تەپسـىلـىي ۋە تولۇق ئىمان كەلتۈرۈشـنى كۆرسـەتـىدۇ. باشـقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «قۇرئان كەرىم»گە ئىمان كەلتۈرۈش «قۇرئان كـەرىم»نىڭ ھەر بىر ئايىتىنى مۇقەددەس ۋەھيى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن چىققـان ھەربىر ھۆكۈمنى جـان ـ دىـل بىلەن قوبۇل قىلىش دېگەنلىكتۇر. قـانداقتۇر «قۇرئان كـەرىم»گە گۇمان بىلەن قاراش، ئۇنىڭدا ئىككىلىنىش، ئۇنىڭ بەزى ئـايەتلىرىنى قوبۇل قىلـىپ، بەزى ئـايەتلىرىنى ئىنكـار قىلىش، ھەتتـا «قۇرئـان كـەرىم»نـىڭ بىرەر ئـايىتىگە بىھۆرمەتلـىك قىلىشـــمۇ، پۈتۈنلەي ئىمانسىزلىق ۋە كۇپۇرلۇقتۇر.

قىسـقىسـى «قۇرئان كـەرىم» ئىسـلام ئەقىدىسـى ۋە ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولغان مۇقەددەس ھۆججەتتۇركى، ھەرقانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە «قۇرئان كـەرىم»دە ئېنىق ھۆكۈم بولىدىكەن، ئۇنى قوبۇل قىلماسـلـىق، شـــۇ كىشىنى ئىماندىن ئايرىپ تاشلايدۇ.

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿وَمَنْ لَمْ يَحْكُمْ بِمَا أَنْزَلَ اللهُ فَأُولَئِكَ هُمُ الْكَافِرُوْنَ﴾

﴿كىمكى ئـاللاھ نـازىل قىلغان ئايەتلەر بويىچە ھۆكۈم قىلمايدىكەن ئەنە شـــۇلار

كاپىرلاردۇر﴾ (5 ـ سۈرە/مائىدە 44 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

شۇڭا مۇسۇلمان كىشى «قۇرئان كەرىم»گە ۋە ئۇنىڭ ئايەتلىرىگە بىپەرۋا بولماسلىقى، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىشى، قۇرئاننىڭ ھۆكمىنى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىشى لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە يەنە مۇنداق دەيدۇ:

قَالَ اللهُ تَعَالىٰ: ﴿وَمَا أَنْزَلْنَا عَلَيْكَ الْكِتَابَ إِلاَّ لِتُبَيِّنَ لَهُمُ الَّذِيْ اخْتَلَفُواْ فِيْهِ وَهُدًى وَرَحْمَةً لِّقَوْمٍ يُؤْمِنُوْنَ﴾

﴿(ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار (دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق﴾ (16 ـ سۈرە/نەھل 64 ـ ئايەت).

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىنىش ئارقىلىق، ئىنسانلارغا ياشاش يولىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، ھەربىر ئۆلچىمى قىلىپ چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي كىتاب بولۇپ، ئىنسانىيەت ھاياتى پەقەت مانا مۇشۇ ئىلاھىي كىتابنىڭ يول كۆرسىتىشى بويىچە ھەرىكەت قىلغاندا ئاندىن ساغلام تەرەققىي قىلالايدۇ ۋە يۈكسىلەلەيدۇ.

«قۇرئان كەرىم» ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئىماننىڭ يېتەكلىشى ئەقىلنى قۇرۇق خىياللاردىن ۋە قەلبلەرنى خۇراپاتلىقتىن ئازاد قىلالايدۇ. ئىنساندا كۆرۈلىدىغان پۈتۈن ياخشىلىق، پىداكارلىق، تەقۋادارلىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ھەممە ئېسىل خىسلەتلەر ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئىشىنىپ، ئىخلاس قىلىشتىن ھاسىل بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىز پۇلدار، مەنسەپدارلار، مەرتىۋىلىكلەر ئۆز ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئېرىشەلمەيدىغان بەخت ۋە خۇشاللىققا ئاللاھنىڭ كىتابىغا بولغان ئىمانىمىز ۋە ئاللاھقا بولغان چىن ئىخلاسىمىز بىلەن ئېرىشەلەيمىز.

ئالىملىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك ھاياتنىڭ چوڭ ـ كىچىك كۆڭۈلسىزلىكلىرى، سىناقلىرى ئارىسىدا، قەلبى ياپراقتەك تىترەپ، جىسمى قامغاقتەك ئۇچۇپ يۈرگەن ئىنسانمۇ ئىمان بىلەن مەڭگۈلۈك يىلتىزىنى تاپاتتى ۋە ئەبەدىي بەختكە ئېرىشەتتى، ئىنسانغا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق توغرا يول ۋە بەخت

يوق ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئىنسانلارنىڭ بەزىسى هازىر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ هەۋەسلىرىگە قىزىقىپ، هايۋانىي تەبىئەتنى گۈزەللىك دەپ قاراپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا بىزدىمۇ، ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ۋە ئەنئەنىنى ئىنكار قىلىدىغان خاهىش پەيدا بولۇۋاتىدۇ.

ئەسلى ئىمان بىلەن يۇغۇرۇلۇپ، چىن ئىخلاس بىلەن پەرۋىش قىلىنىپ، تەبىئىتىمىزگە ئىنتايىن ماس هالدا، تۇرمۇشىمىزنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە، ۋۇجۇدىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىغىچە سىڭىپ كەتكەن ئەنە ئاشۇ ئىشەنچنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقىمىز تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. لېكىن بەزىلەرنىڭ ئىمانى سۇسلۇقى، ئەخلاقى جەھەتتىكى چۈشكۈنلىشىشى، شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىكى تۈپەيلىدىن سىرتنىڭ بەزى ناچار تەسىرلىرى ئارىمىزدا ئۆزلىشىپ، ئەخلاقىمىزنى چىرىتىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىشنىڭ كەڭ يولىنى ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ.

ئىمانى ئاجىزلىشىپ، ئىخلاسى يوقىلىشقا باشلىغان كىشىلەر ئىچىدە ۋە ئېتىقاد زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ماكاندا، بۇزۇقچىلىق يامراپ، پاسىقلىق ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ.

«قۇرئان» دېمەك ئادالەت دېمەكتۇر. «قۇرئان» دېمەك مۆجىزە دېمەكتۇر. «قۇرئان» دېمەك بىر ئىناق ـ ئىتتىپاق، ھەممە ئۆز ئورنىنى تاپقان، ھەممە بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان، پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى، پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرى بىر تەنگە ئوخشاش بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولىدىغان بىر جەمئىيەت دېمەكتۇر.

دېمەك، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئىشىنىش، ئۇنىڭغا ئەگىشىش بىزگە مىسلى كۆرۈلمىگەن ياخشى نەتىجىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇڭا بىزدە ئىماننىڭ بۇ روكنى كەم بولسا بولمايدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزگە ھىدايەت ئاتا قىلغاي! ئامىين!

﴿رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنْتَ السَّمِيْعُ الْعَلِيْمُ﴾ **(2** ـ سۈرە/بەقەرە **127** ـ ئايەت**)**.

﴿رەببىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن﴾ ئامىين!

﴿رَبَّنَا آمَنَّا فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِيْنَ﴾

﴿رەببىمىز، بىز ئىمان ئېيتتۇق، بىزنى (پەيغەمبىرىڭنى، كىتابىڭنى) ئېتىراپ قىلغۇچىلار قاتارىدا قىلغىن﴾ **(5** ـ سۈرە/مائىدە **83** ـ ئايەت**)**. ئامىين!

# ئىسلام دىنىدىكى ساۋاب ئىشلار ھەققىدە

(ئىمان دەرىجىسىدىكى ئەمەللەر)

أَعُوْذُ بِاللهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيْمِ بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ

إِنَّ الْحَمْدَ لِلَّهِ، نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ وَ نَسْتَغْفِرُهُ، وَ نَعُوْذُ بِاللهِ مِنْ شُرُوْرِ أَنْفُسِنَا ، وَمِنْ سَيِّئَاتِ أَعْمَالِنَا، مَنْ يَّهْدِهِ اللهُ فَلاَ مُضِلَّ لَهُ ، وَمَنْ يُضْلِلْ فَلاَ هَادِىَ لَهُ ، وَأَشْهَدُ أَن لاَّ إِلَهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ، وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُوْلُهُ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ عَلَى آلِهِ وَ أَصْحَابِهِ أَجْمَعِيْنَ . أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا اتَّقُوْا اللهَ وَقُوْلُوْا قَوْلًا سَدِيْدًا يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَن يُطِعِ اللهَ وَرَسُوْلَهُ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيْمًا﴾

اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ!

## «ساۋاب» ھەققىدە چۈشەنچە

ھۆرمەتلىك جامائەتلىرىمىز!

ئىسلام دىنى ئاللاھ تائالانىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاتا قىلغان چوڭ بىر نېئمىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نىجاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، شەخس ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق ئىشقا چاقىرغان. مەيلى ماددىي جەھەتتىن، ياكى مەنىۋى جەھەتتىن بولسۇن يامان ۋە زىيانلىق ھەرقانداق ئىشتىن توسقان.

ئاللاھ تائالا بۇ مۇقەددەس دىنىمىز توغرىلىق مۇنداق دېگەن:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿اَلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِيْنَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِيْ وَرَضِيْتُ لَكُمْ

الْإِسْلاَمَ دِيْنًا﴾

﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېئمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا رازى بولدۇم﴾ (5 ـ سۈرە/مائىدە 3 ـ ئايەت).

دىنىمىز ئىسلام بۇيرۇغان ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلىش بىلەن بىللە، توسقان ئىشلاردىن يانغۇچىلارغىمۇ ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ھەم بايان قىلغان. ئۇنداق بولسا ساۋاب دېگەن نېمە؟

«ساۋاب» دېگەن بۇ ئاتالغۇ قېرىنداشلىرىمىزغا يات سۆز ئەمەس، ئەمما ھەممەيلەننىڭ كاللىسىدا ھەرخىل چۈشەنچە بىلەن ئورۇن ئالغان. گەرچە ھەممەيلەن بۇنى ھەرخىل چۈشەنگەن بولساقمۇ، ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك «ساۋاب» بولسۇن ئۇنى ئاتا قىلغۇچى ئاللاھ تائالا بولۇپ، «ساۋاب»قا ئېرىشكەن كىشى رەببىنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولغۇچىدۇر، دەپ چۈشىنىشتۇر.

بىلىشىمىز كېرەككى، «ساۋاب» ئاتالغۇسى ئىسلام دىنى دىيارىمىزغا كىرگەندىن باشلاپلا كەڭ قوللىنىلغان ئاتالغۇ بولۇپ، ھازىر تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە قېرىنداشلىرىمىز بۇ ئاتالغۇنى دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرى بىلەن باغلاپ چۈشىنىپ، «ساۋابقا ئېرىشىش» دېگەنلىك، «رەببىنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، توسقىنىدىن يېنىپ، شۇ ئارقىلىق رەببىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، قىيامەتتىكى ئەجىرگە ئېرىشىش، بەزى كىچىك گۇناھلارنى يۇيۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىش» دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمما، يەنە بەزى كىشىلەر ئۇنى نوقۇل ھالدا «باشقىلارغا ياردەم بېرىش ئارقىلىقلا ئېرىشىدىغان مەنىۋى قىممەت» دەپ چۈشىنىدۇ، ئۇلار ئۇ ياردەم بېرىشنىڭ توغرا ئىشقا ياردەم بېرىشمۇ؛ ياكى شەرىئەت چەكلىگەن خاتا ئىشلارغىمۇ ياردەم بېرىشمۇ؛ بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەزى ھارام ئىشلارنى قىلىۋاتقانلارغا ياردەم بېرىشنى ساۋاب دەپ بىلىش خاھىشى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئوغرىغا ئىچ ئاغرىتىپ ئۇنى يوشۇرۇش، ياكى ئۇنىڭ ئوغرىلاپ ئەكەلگەن مېلىنى سېتىۋېلىپ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش، زەھەرلىك چېكىملىك ساتىدىغانلارنى ۋە ئىستېمال قىلىدىغانلارنى بىلسىمۇ پاش قىلماسلىق، يالغان تىلەمچىلەرنىڭ بېيىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىش، شۇنىڭغا ئوخشىغان شەرىئەت تەرەپتىن

چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپلا ئۇلارغا ياردەم بېرىشنى توغرا دەپ چۈشىنىۋېلىپ، «ساۋاب»قا ئېرىشىش خىيالىدا بولىدۇ. بۇ خاتا قاراشتۇر.

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿قُلْ هَلْ نُنَبِّئُكُمْ بِالْأَخْسَرِيْنَ أَعْمَالًا ۞ الَّذِيْنَ ضَلَّ سَعْيُهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَهُمْ يَحْسَبُوْنَ أَنَّهُمْ يُحْسِنُوْنَ صُنْعًا﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر!) ئېيتقىنكى، «سىلەرگە (ياخشى) ئەمەللەرنى قىلىپ تۇرۇپمۇ ئەڭ كۆپ زىيان تارتىدىغانلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟ ئۇلار دۇنيا ھاياتىدا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان، ئەمما ئۆزلىرى ئۇبدان ئىش قىلدۇق، دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر»﴾ **(18 ـ سۈرە/كەھف 103~104 ـ ئايەتلەر)**.

ئۇنداق بولسا، شەرىئەتكە ئۇيغۇن «ساۋاب» قانداق ئۇقۇم؟ بىز ئۇنى قانداق چۈشەنگەندە ئاندىن ھەقىقىي «ساۋاب»قا ئېرىشەلەيمىز؟

تۆۋەندە «ساۋاب»نىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى ۋە شەرىئەتتە تۇتقان ئورنى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

«ساۋاب» دېگەن سۆز ئەسلى ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەت تەرجىمىسى: مۇكاپات، ئەجىر، ئىنئام، تارتۇق دېگەنلىكتۇر. ئەمما «ساۋاب» دېگەن سۆزمۇ ئۆز مەنىسى بىلەن تىلىمىزدىكى سۆزدەكلا ئىزچىل قوللىنىلماقتا.

«ساۋاب»نىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى:

ئاللاھتىن ئەجىر ئۈمىد قىلىش مەقسىتىدە، ئاللاھ بېرىدىغان مۇكاپاتىنى كۆزلەپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق، ياكى توسقان ئەمەللەردىن يېنىش ئارقىلىق، شۇنداقلا سەلەف ـ سالىھىنلارنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ، بۇ دۇنيادا قەلبىنى خاتىرجەم قىلىپ ھۇزۇرلۇق ياشاش، ۋاپات بولغاندا قەبرە ئازابىدىن ساقلىنىشنى ئۈمىد قىلىش، قىيامەتتىكى سوئال ـ سوراقلاردىن ئاسانراق قۇتۇلۇپ، ئاللاھنىڭ جەننىتىگە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىپ، مەيلى ئىقتىساد بىلەن، مەيلى بەدەن ئەمەللىرى بىلەن، ۋەياكى تىل ئەمەللىرى بىلەن، شۇنداقلا گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتلىرى بىلەن ئىجرا قىلىنىغان ياخشى ئىشلار ساۋاب بولىدىغان ئىشلاردۇر.

ساۋاب ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

قَوْلُهُ تَعٰالىٰ: ﴿وَلَوْ أَنَّهُمْ آمَنُواْ وَاتَّقَوْا لَمَثُوبَةٌ مِّنْ عِنْدِ اللَّهِ خَيْرٌ لَّوْ كَانُواْ يَعْلَمُوْنَ﴾

﴿ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە، ئاللاھتىن قورقسا، (ئۇلار ئۇچۇن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 103 ـ ئايەت).

## «ساۋاب»نىڭ رولى

«ساۋاب» ھەققىدىكى چۈشەنچە ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى رولى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

«ساۋاب» دېگەن ئاتالغۇ بىزنىڭ تىلىمىزغا ئۆز تەلەپپۇزى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلگەن بولغاچقا، تۇرمۇشىمىزدا داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتتۇق. بۇ ئاتالغۇنى داۋاملىق ئاڭلاپ تۇرغاچقىمىكىن ئۇنىڭدىكى ھېكمەت توغرىلىق ئويلىنىش، تەپەككۇر قىلىش، ئۇنىڭ رولى ھەققىدە ئىزدىنىش يۈزەكىلا بولۇشى تەبىئىي ئەھۋال.

ئەمەلىيەتتە، «ساۋاب» بىزنىڭ رەببىمىز بىلەن بىۋاستە ئالاقە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان، بىزگە رەببىمىزنىڭ داۋاملىق كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، «ساۋاب» ئىزدەش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ۋە جەمئىيىتىمىزنى ئىسلاھ قىلىشنى ئىزدەندۈرىدىغان، مۆئمىنغا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋەزىپىلىرىنى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەسلىتىدىغان، بۇرۇنقى كىچىك گۇناھلىرىمىزنى يۇيىدىغان، بولۇپمۇ قىيامەتكە ئىشىنىدىغانلار بىلەن قىيامەتكە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ پەرقىنى ئايرىپ بېرىدىغان ئىلاھىي مۇكاپاتتۇر.

«ساۋاب»قا ئىشىنىدىغان ۋە ئۇنى ئىزدەيدىغان كىشى ئۆزىنى داۋاملىق رەببىنىڭ كونتروللۇقى ۋە ھەمراھلىقى ئاستىدا ئىكەنلىكىدىن بىخۇد قالمايدۇ ـ دە، مەيلى ئادەم بار يەردە بولسۇن، ياكى يالغۇز بولسۇن، داۋاملىق ئۆزىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا دىققەت قىلىپ، ئەتراپىدىكى كىچىككىنە ساۋاب پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەيدۇ. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ئەتراپىدىكىلەرگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئاسراش، باشقىلارغا تىلى بىلەن، قولى بىلەن ئازار بەرمەسلىك، كۆرمىدى دەپ نەرسىلىرىنى ئوغۇرلىۋالماسلىق، خالىغانچە بولاڭ ـ تالاڭ قىلماسلىق ۋە بىگۇناھ كىشىلەرنى

ئۆلتۈرمەسلىكتەك ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە ئېرىشىشىنى ئويلايدۇ.

«ساۋاب» ئىنساننى توغرا ئىشقا يېتەكلەيدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆلچەمگە سالىدىغان مەنىۋى رامكا ۋە قىبلىپتۇر. «ساۋاب»نى ئۈمىد قىلغان ئادەم ھەر ۋاقىت: مەيلى چوڭ ئىشلار بولسۇن؛ مەسىلەن: ھەج پائالىيەتلىرىگە قاتنىششتەك كۆپچىلىك بىلەن بولىدىغان ئەمەللەردە بولسۇن؛ ياكى باشقىلارغا ياردەم بېرىشتەك ئىككىلا ئادەم بار يەردە بولسۇن؛ مەسىلەن: ئالدىغا خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن كەلگەن ئادەمنىڭ ئىشىنى بېجىرىپ بېرىشى (گەرچە بۇ ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتى بولسىمۇ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ساۋابنى ئۈمىد قىلىش مەقسىتىدە كۆڭۈل قويۇپ، ئەستايىدىل بېجىرىپ بېرىشى)، بىراۋنىڭ ئېغىر سومكىسىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىشى، ئاجىزلارغا ياردەملىشىپ يولدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشى دېگەندەك ئىشلاردا بولسۇن؛ ۋەياكى يالغۇز تۇرۇپ قىلىنىدىغان ئەمەللەردە بولسۇن؛ مەسىلەن: زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، جىمجىت كېچىلەردە ئاللاھتىن قورقۇپ ياش تۆكۈش، ئۆزىنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتەك ئەمەللەردە بولسۇن ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئىنسان مۇسىبەتكە ئۇچرىغاندا ئاللاھنىڭ ساۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلىش بولسا بىر روھىي نېئمەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانغا قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. قىلغان ياخشى ئىشقا قارىتا ساۋابنى ئۈمىد قىلىش بولسا مۇسۇلماننى كۆپلەپ ياخشى ئىش قىلىشقا ۋە ئاللاھنى رازى قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ، بۇ كۈچنىڭ تەسىرىدە دىن يولىدا ئالەمشۇمۇل قۇربانلىقلار بېرىلىدۇ.

تارىختىن بۇيان دىن يولىدا، ھەقىقەت يولىدا ئىنسان ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قۇربانلىقلارنى بەرگەنلەر ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن باشقا كىشىلەر بولمىسا كېرەك . بۇنىڭ مەنبەسى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ رازى بولۇشىنى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ساۋابىنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ۋە ئۇ ساۋابقا ھېرىسمەن بولغانلىقتىن بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

«مۇسۇلمانغا يەتكەن غەم ـ قايغۇ، جاپا ـ مۇشەققەت، ھەتتاكى پۇتىغا كىرىپ كەتكەن تىكەن ئۇچۇنمۇ ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ».

بۇ ھەدىستىن ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە نەقەدەر مېھرىبان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ تارتقان ھەر بىر ئەزىيەتلىرىگە ساۋاب بېرىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دېمەك ، ئاللاھ تائالانىڭ ساۋاب ۋە گۇناھتىن ئىبارەت بۇ قانۇنىيىتى مۇئمىنگە نىسبەتەن نېئمەت بولسا، كاپىرغا نىسبەتەن مەھرۇم قىلىش ۋە جازادۇر. مۇسۇلمان ئادەم گۇناھىغا چىن تۆۋبە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە ئېرىشسە، تارتقان ئەزىيەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ۋە رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ.

سالىھلارنىڭ بىرىنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتتى. ئۇ ئاھ دېمەستىن تەبەسسۇم قىلدى ۋە: «بىز ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز» ـ دېدى. بىرى ئۇنىڭغا: «پۇتىڭىزغا بىر نەرسە كىرىپ كەتسە، ۋاي دېمەي كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟!» ـ دېدى . ئۇ: «بۇنىڭ ساۋابىنىڭ ھالاۋىتى ماڭا ئۇنىڭ ئاچچىق دەردىنى ئۇنتۇلدۇردى» ـ دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«ئات ئۈچ تۈرلۈك ئىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ: ئات بېقىش بىر ئادەمگە ئەجىر ئېلىپ كېلىدۇ؛ يەنە بىر ئادەمگە ھاجىتىنى قامدايدىغان مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدۇ؛ ۋە يەنە بىر ئادەمگە بولسا گۇناھ ئېلىپ كېلىدۇ».

دېمەك، بىز ساۋاب ئۈمىد قىلىپ ئىجرا قىلغان ئەمەللىرىمىزدە چوقۇم ئاللاھ رازىلىقى كۆزلەنگەن بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئۇ ئەمەلگە ساۋاب بېرىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَ سَلَّمَ: «إِنَّمَا الْأَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ وَإِنَّمَا لِكُلِّ امْرِئٍ مَّا نَوٰى» ]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ ئۇ مۇنداق دېگەن: ئاللاھنىڭ ئەلچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «ئەمەللەر جەزمەن نىيەتكە باغلىقتۇر، ھەر بىر كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسە مەنسۇپتۇر». (بۇخارى)

مۇئمىن كىشى بىرەر پايدىلىق ئىلىمنى، ياخشى ئىشنى، سەدىقە جارىيە ياكى ياخشى ئەۋلادلارنى قالدۇرۇپ كېتىشنى، ئۆزى قالدۇرغان بۇ ئىزلاردىن كىشىلەرنىڭ پايدىلانغانلىقىغا يارىشا ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن داۋاملىق ساۋابقا ئېرىشىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ بىرىدۇر.

ناھايىتى قېرىپ كەتكەن ئەبۇ دەرداﺋ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېۋىلىك كۆچەت تىكمەۋاتاتتى، بەزىلەر ئۇنىڭغا: «سەن بەك قېرى ئادەم تۇرۇپ كۆچەت تىكمۋاتامسەن؟ بۇ مۇنچە يىل ئۆتمىگۈچە مېۋە بەرمەيدۇ» دېگەندە، ئۇ: «مېۋىسى باشقىلارغا تەگسىمۇ، ساۋابى ماڭا تەگسە بولمامدىكەن» ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ھەرقانداق نەرسىگە بىۋاستە كۆرۈلىدىغان ماددىي تەرىپىنى چىقىش قىلىپلا باھا بېرىپ ، ئۇنىڭ ماددا بىلەن روھقا يوشۇرۇن ھالدا كۆرسىتىدىغان ئاكتىپ تەسىرىگە كۆز يۇمۇش رېئاللىققا قىلىنغان ئاسىيلىقتۇر.

ساۋاب ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ إِذَا مَاتَ الْإِنْسَانُ إِنْقَطَعَ عَنْهُ عَمَلُهُ إِلَّا مِنْ ثَلَاثٍ صَدَقَةٌ جَارِيَةٌ أَوْ عِلْمٌ يُنْتَفَعُ بِهِ أَوْ وَلَدٌ صَالِحٌ يَدْعُو لَهُ (بخاري) ]

«ئىنسان ۋاپات بولسا بارلىق ئەمەللىرى ئۈزۈلىدۇ، پەقەت ئۈچ خىل ئەمىلى ئۈزۈلمەي داۋاملىق قالىدۇ. بىرسى، سەدىقە جارىيە (يەنى ساۋابى داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە قىلىنغان سەدىقە)، ئىككىنچىسى، (ئۇ كىشىدىن قالغان) باشقىلار مەنپەئەت ئالغان ئىلىم (يەنى تەربىيەلىگەن شاگىرتى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇپ قويغان ياخشى ئەسەرلىرى)، ئۈچىنچىسى، سالىھ، ياخشى بالىسىنىڭ ئۇنىڭ ھەققىدە قىلغان دۇئاسى» (بۇخارى).

اَلْحَدِيْثُ: [عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُوْدٍ يَقُوْلُ قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ:

«مَنْ قَرَأَ حَرْفًا مِّنْ كِتَابِ اللهِ فَلَهُ بِهِ حَسَنَةٌ وَالْحَسَنَةُ بِعَشْرِ أَمْثَالِهَا لاَ أَقُوْلُ ‹آلمْ› حَرْفٌ وَلَكِنْ أَلِفٌ حَرْفٌ وَلاَمٌ حَرْفٌ وَمِيْمٌ حَرْفٌ» ]

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كىمىكى ئاللاھنىڭ كىتابى ‹قۇرئان كەرىم›دىن

بىر ھەرپ ئوقۇيدىكەن، ئۇ كىشىگە شۇ بىر ھەرپ ئۇچۇن بىر ياخشىلىق بولىدۇ، بىر ياخشىلىقنىڭ ساۋابى ئون ھەسسىدۇر، مەن ‹آلمْ›نى بىر ھەرپ دەپ قارىمايمەن، بەلكى ئەلىف بىر ھەرپ، لام بىر ھەرپ، مىيم بىر ھەرپتۇر».

رەسۇلۇللاھ يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دىگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ قُلِ الْخَيْرَ أَوْ لِيَصْمُتْ ]

«گەپ قىلساڭ ياخشى گەپ قىل، بولمىسا جىم تۇر».

بۇ ھەدىسكە قارىغاندا ناچار، سەت، يالغان ۋە بىھۇدە گەپلەرنى تولا قىلغاندىن كۆرە، جىم تۇرۇشنى تاللىۋېلىشمۇ ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدىغان ياخشى ئۇسۇلدۇر.

بۇ ساۋابلارنى بىزنىڭ ياخشى ئەمەللىرىمىزنى خاتىرىلەشكە مەسئۇل پەرىشتىلەر نامە ـ ئەمەلىمىزگە خاتىرىلەپ تۇرىدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ نامە ـ ئەمەلىمىز بىزگە قايتۇرۇلىدۇ . شۇڭا بۇ نامە ـ ئەمەلىمىزدىكى ساۋاب قانچە جىق بولسا، ياخشىلىق تارازىمىز ئېغىر بولىدۇ، قىيامەت كۈنىدىكى سوئال ـ سورىقىمىز شۇنچە ئاسان بولىدۇ، دەرىجىمىزمۇ يۇقىرى بولىدۇ.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دىگەن:

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿يَوْمَئِذٍ تُعْرَضُوْنَ لَا تَخْفَى مِنْكُمْ خَافِيَةٌ ۞ فَأَمَّا مَنْ أُوْتِيَ كِتَابَهُ بِيَمِيْنِهِ فَيَقُوْلُ هَآؤُمُ اقْرَؤُوْا كِتَابِيَهْ ۞ إِنِّيْ ظَنَنْتُ أَنِّيْ مُلَاقٍ حِسَابِيَهْ ۞ فَهُوَ فِيْ عِيْشَةٍ رَّاضِيَةٍ ۞ فِي جَنَّةٍ عَالِيَةٍ﴾

﴿بۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنى) سىلەر (ئاللاھقا) (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توغرىلىنىسىلەر، سىلەر ھېچقانداق بىر سىرنى يوشۇرۇپ قالالمايسىلەر. نامە ـ ئەمالى ئوڭ قولىغا بېرىلگەن ئادەم (خۇشاللىقتىن): بۇ مېنىڭ نامە ـ ئەمالىمنى ئېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار، مەن ھېساباتىمغا مۇلاقات بولىدىغانلىقىمغا مۇقەررەر ئىشەنگەن ئىدىم» دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا بولىدۇ. ئېسىل جەننەتتە بولىدۇ﴾ (69 ـ سۈرە/ھاققە 18~22 ـ ئايەتلەر)؛

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿وَأَصْحَابُ الْيَمِيْنِ مَا أَصْحَابُ الْيَمِيْنِ﴾

﴿سائادەتمەنلەرنىڭ (يەنى نامە ـ ئەمالى ئوڭ تەرەپتىن بېرىلگەنلەرنىڭ) ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ﴾ (56 ـ سۈرە/ۋاقىئە 27 ـ ئايەت).

ئاللاھ تائالا نامە ـ ئەمەللىرىمىزنى ئۈۋدىن بېرىشكە نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!

## «ساۋاب»نىڭ تۈرلىرى

«ساۋاب»نىڭ ئوخشىمىغان ئەمەللەر ئارقىلىق ئېرىشىلىش ئېتىبارى بىلەن دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. پەرز ئەمەللەر ئارقىلىق ئېرىشكەن ساۋابلارنىڭ دەرىجىسى ئەڭ چوڭ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ۋاجىپ ئەمەللەر، سۈننەت ئەمەللەر، مۇستەھەپ ئەمەللەر بىلەن ئېرىشكەن ساۋابلارغا ئۆزگە يارىشا ئەجىر بېرىلىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز قىلىشتىن چەكلەنگەن ھاراملاردىن قايتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ساۋابلارنىڭ دەرىجىسى يەنە يۇقىرى بولىدۇ، ھەمدە مەكرۇھاتلاردىن يېنىش بىلەنمۇ ئۆزگە يارىشا ساۋابقا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بەزى ئەمەللەرگە بىرلا ساۋاب بېرىلسە؛ بەزى ئەمەللەرگە نەچچە ھەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە ساۋاب بېرىلىدۇ. بالاغەتكە يەتمىگەن بالىلارنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى سەۋەبلىك ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ، بالىغىمۇ ساۋاب بېرىلىدۇ. سەدىقىگە قارىغاندا ھەدىيەنىڭ ساۋابى كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى ھەدىيە قىلغۇچى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئاپىرىپ بېرىدۇ. نەفلى ئىبادەتتىن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. شەخسكە پايدىلىق ئىشتىن كۆپچىلىككە پايدىلىق ئىشنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. ئىشنى كەمتۈك ھالدا كۆپ قىلغاندىن، ئاز بولسىمۇ مۇكەممەل قىلغاننىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. ۋاقىتلىق ئەمەلدىن داۋاملىشىدىغان ئەمەلنىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ. پەرز كۈپايىدىن پەرز ئەيىننىڭ ساۋابى كۆپ بولىدۇ.

ساۋابنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿مَنْ ذَا الَّذِيْ يُقْرِضُ اللهَ قَرْضًا حَسَنًا فَيُضَاعِفَهُ لَهُ أَضْعَافًا كَثِيْرَةً وَاللهُ يَقْبِضُ وَيَبْسُطُ وَإِلَيْهِ تُرْجَعُونَ﴾

﴿كىمكى ئاللاھقا قەرزى ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل ـ مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. ئاللاھ (سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 245 ـ ئايەت).

## «ساۋاب»نى بىكار قىلىۋېتىدىغان ئىشلار

ساۋاب بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ياخشى ئەمەللىرىمىزنىڭ مۇكاپاتى سۈپىتىدە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان بايلىقىمىزدۇر. يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە، «ئاللاھ تائالانىڭ ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە قايتۇرۇپ بېرىدىغان ئەجىر-ساۋابى پەقەت بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ئەمەللەرنى بىكار قىلىۋەتمەستىن، ئاخىرەتكە سالامەت ئاپىرالىغان بەندىلىرىگىلا بولىدۇ» دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئېرىشكەن ساۋابلىرىمىزنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇ دۇنيادىلا بىكار بولۇپ كېتىش ئېھتىمالى بار.

ئۇنداق بولسا قايسى ئىشلار ساۋابلىرىمىزنى بىكار قىلىۋېتىدۇ؟

ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئىشلار ئېرىشىپ بولغان ساۋابلارنى بىكار قىلىۋېتىدۇ:

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، قىيامەتكە ئىشەنمەسلىك، ئاللاھ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرمەسلىك، پەيغەمبەرگە قارشى چىقىش، ئىماندىن يېنىۋېلىش، رىيا قىلىش، قىلغان ساۋابلىق ئىشىدىن پەخىرلىنىش ياكى شەكلىنىپ تۇرۇپ قىلىش، كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ھالاك قىلغۇچى ئېغىر گۇناھلار بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىش، قەلبىدە نىفاق بولۇش، بەرگەن سەدىقىسىگە مىننەت قىلىش ۋە ئۇلارنى رەنجىتىش، بىدئەت ئەمەلنى قىلىش قاتارلىقلار.

## «ساۋاب» ئىشلاردىن مىساللار

«ساۋاب» ئىشلار نۇرغۇن بولۇپ، تۆۋەندە بەزىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى پەرز، بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى ۋاجىپ ، بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى سۈننەت، بەزىلىرىنىڭ ھۆكمى مۇستەھەپ بولسىمۇ، ئورتاق بىر ئالاھىدىلىكى سىز ئۇلارنى چىن نىيىتىڭىز بىلەن ئاللاھ رازىلىقىنى ئىزدەپ ئىجرا قىلسىڭىز، ئىنشائاللاھ ئاللاھ تائالا ھېچبىر ئەمەلنى زايە قىلىۋەتمەستىن سىزگە مول ساۋابلارنى ئاتا قىلغۇسى. بۇ ئەمەللەرنى ئىجرا قىلىشتا ئۇنىڭ بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھىم مەجبۇرىيىتى بولغان بەش پەرزنى تولۇق ئادا قىلغاندىن

كېيىن ئاندىن ئادا قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى، شۇندىلا بۇ ئەمەللەرگە ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ساۋاب بېرىلىدىغانلىقىنى، ناۋادا بەش پەرزنى ئادا قىلماستىن باشقا ساۋاب ئىزدەشلەردە بەزىسىنىڭ پەقەت بۇ دۇنيادىلا مەنپەئەتى بولىدىغانلىقىنى، ئاخىرەتكە نىسبەتەن بولمايدىغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم.

ئۇ بەش پەرز بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ كۆرسەتكەندەك:

اَلْحَدِيْثُ: [ «بُنِيَ الْإِسْلاَمُ عَلَى خَمْسٍ: شَهَادَةُ أَنْ لاَّ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ ، وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَّسُوْلُ اللهِ ، وَإِقَامُ الصَّلاَةِ ، وَإِيْتَاءُ الزَّكَاةِ ، وَحَجُّ الْبَيْتِ ، وَصَوْمُ رَمَضَانَ» (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ) ]

«ئىسلام دىنى بەش ئەركان ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، بىرىنچىسى: ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛ ئىككىنچىسى، بەش ۋاخ ناماز ئوقۇش؛ ئۈچىنچىسى، زاكات بېرىش؛ تۆتىنچىسى، ھەج قىلىش؛ بەشىنچىسى، رامىزان روزىسىنى تۇتۇش».

بەزىدە بىز كىچىك سانىغان ئىشلارمۇ ساۋاب جەھەتتە بىز چوڭ سانىغان ئىشلاردىن ئېشىپ كېتىشى مۇمكىن، بۇ يەردىكى مۇھىم ئامىل شۇ ئەمەلنى ئىجرا قىلىشتىكى ئىخلاسىمىزدۇر. شۇ جەھەتتىن بىزنىڭ يولباشچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتلىقىمىزدىكى ھەرقانداق چوڭ-كىچىك ئەمەللەرگە ئېتىبار بىلەن قارىشىمىز ئۈچۈن ئۇ ئەمەللەرنى مۇئمىنىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ئىمان بىلەن باغلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ أَبِيْ هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ: «اَلْإِيْمَانُ بِضْعٌ وَ سَبْعُوْنَ شُعْبَةً فَأَفْضَلُهَا قَوْلُ لاَ إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَ أَدْنَاهَا إِمَاطَةُ الْأَذَى عَنِ الطَّرِيْقِ وَالْحَيَاءُ شُعْبَةٌ مِّنَ الْإِيْمَانِ» (مُتَّفَقٌ عَلَيْهِ ) ]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئىمان يەتمىش نەچچە شاخچىدۇر، ئىمان شاخچىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى: بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دېيىش ۋە ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى: يولدىن كىشىلەرگە ئەزىيەت يېتىدىغان نەرسىنى ئېلىپ تاشلاش؛ ھايا قىلىش — ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر».

رەسۇلۇللاھ بىزگە بۇ ئىشلارنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى بىلەن ئەڭ تۆۋىنىنى دەپ

بېرىش ئارقىلىق ھاياتىمىزنىڭ پۈتكۈل ساھەلىرىنى ئىمان نۇرى بىلەن ئورىدى. ھاياتى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تۈۋرۈك ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى.

ھەدىستە بايان قىلىنغان ئىماننىڭ يەتمىش نەچچە شاخچىسى دېمەك، ھاياتىمىزدىكى قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم يەتمىش نەچچە ئەمەل دېمەكتۇر. بۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى بىزنى ئاللاھنىڭ ساۋابىغا ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ ساۋاب ئىشلارنىڭ بەزىسى قەلبىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، بەزىسى تىلىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، بەزىسى بەدىنىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ناۋادا بەدەن ئەمەللىرىنى قىلغان بولسا قەلب ۋە تىل ئەمەللىرىگىمۇ ئەجىر بېرىلىدۇ. ئۇنداق بولماي، پەقەت قەلبىتىلا ئويلاپ، ۋەياكى تىلدىلا بايان قىلىپ قويۇپ، ئەمەلدە بولمىسا ئۇ بىر يالغان دەۋا بولۇپ قالىدۇ، خالاس.

بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن:

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّواْ وُجُوْهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَـٰكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّيْنَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِيْنَ وَابْنَ السَّبِيْلِ وَالسَّآئِلِيْنَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوْفُوْنَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِيْنَ فِي الْبَأْسَآءِ والضَّرَّآءِ وَحِيْنَ الْبَأْسِ أُوْلَـٰئِكَ الَّذِيْنَ صَدَقُوْا وَأُوْلَـٰئِكَ هُمُ الْمُتَّقُوْنَ﴾

﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى يۇل ـ مېلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىقىغا ئېرىشىشىگە پۇل ـ مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىماندا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 177 ـ ئايەت).

## قەلبكە تەۋە بولغان ئەمەللەر

(ئەقىدە ۋە ئېتىقادقا ئالاقىدار قىسىملىرى)

مۇئمىنلەرنىڭ ئەقىدىسى «اِقْرَارٌ بِاللِّسَانِ وَتَصْدِيْقٌ بِالْقَلْبِ» بولغانلىقى ئۈچۈن، قەلبكە تەۋە ئىمان دېگىنىمىزدە، قەلبىمىزدە بۇ ئىشلارغا قارىتا توغرا پىكىر، ئىمان دەرىجىسىدىكى ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

1. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش؛ 2. «ئاللاھتىن باشقا ھەممە نەرسە پەيدا بولىدۇ، يوقىلىدۇ» دېگەن ئېتىقادتا بولۇش؛ 3. پەرىشتىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ 4. كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرۈش؛ 5. پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ 6. ياخشى يامان ئىشلار، يەنى بېشىمىزغا كەلگەن ئامەت ۋە ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش؛ 7. ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش؛ 8. جەننەتتە مۇئمىن مۇسۇلمانلارنىڭ دائىم تۇرىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇشخەۋەرگە ئىشىنىش؛ 9. ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ دوزاخ ۋە ئۇنىڭ ئازابىدا دائىم تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىش؛ 10. بىراۋنى ياخشى كۆرسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن، يامان كۆرسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش؛ 11. ساھابىلەرنى ھەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ياخشى كۆرۈش؛ 12. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرۈش (دائىم دۇرۇت يوللاش، سۈننەتلىرىنى ئىجرا قىلىش)؛ 13. ئىخلاسمەن بولۇش (يەنى بىرەر ئىشنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كىشىلەرگە كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىشتىن، ئىككى يۈزلىمىلىك، مۇناپىقلىق قىلىشتىن ساقلىنىش)؛ 14. ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىش بىلەن بىرگە تەۋبە قىلىش؛ 15. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئازابىدىن قورقۇش؛ 16. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش؛ 17. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىشتىن ساقلىنىش؛ بۇ ئىككىسىگە مىسال: نۇھ ئەلەيھىسسالام قەۋمىگە 950 يىل تەبلىغ قىلىپ، بۇ جەرياندا يەنە ئىمان ئېيتمىغان كىشىلەرنىڭ ئەمدى دوزىخى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى دېمەستىن بەلكى: قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوْا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا﴾ **(71 ـ سۈرە/10 ـ ئايەت)** دەپ ئۈمىدىنى ئۈزمىگەن. بىزمۇ 30~40 يىللىق گۇناھلىرىمىز بولغان

تەقدىردىمۇ ئۇمىدنى ئۈزۈۋەتمەيلى. ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەيلى. 18. ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش؛ 19. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش؛ 20. ھەرخىل مۇسىبەت ۋە ئىبادەتلەرگە غەيرەت قىلىش؛ 21. كەمتەر بولۇش (چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش)؛ 22. رەھىم شەپقەتلىك بولۇش (كىچىكلەرگە، ئاجىزلارغا كۆيۈنۈش)؛ 23. بالا-قازاغا رازى بولۇش؛ 24. ھەر ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش؛ 25. ماختانچاقلىق، مەنمەنچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلىكنى تاشلاپ، ئۆزىنى پاك ۋىجدانلىق تۇتۇش؛ 26. ئىچى قوتۇرلۇق، ھەسەتخورلۇقنى تاشلاش؛ 27. ئاداۋەتنى، ئۆچ ئېلىشنى تاشلاش؛ 28. غەزەبلىنىشنى تاشلاش، يەنى ئاسانلا ئاچچىقلانماسلىق؛ 29. چىگىچىلىكنى (يامان گۇمان، ھىيلە-مىكىر)نى تاشلاش؛

بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلىدۇ: قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ﴾ **(49-** سۇرە/ھۇجۇرات **12-** ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

30. دۇنيا مۇھەببىتىنى تاشلاش (مال دۇنيا ۋە مەنسەپ-مەرتىۋە ئاچكۆزلۈكىنى تاشلاش)؛

خۇلاسە: قەلبكە مەنسۇپ پەزىلەت ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ھەممىسى قەلبكە تەۋە ئىمان كاتېگورىيەسىگە كىرىدۇ.

## تىلنىڭ ئەمەللىرىگە مەنسۇپ بولغانلىرى:

1. ئاللاھنىڭ بىرلىك-بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى تىلدا ئېيتىش؛ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسى: « اِقْرَارٌ بِاللِّسَانِ وَتَصْدِيْقٌ بِالْقَلْبِ »

اَلْحَدِيْثُ: [ اَشْهَدُ أَنْ لاَ إِلٰهَ إِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيْكَ لَهُ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ يَا رَسُوْلَ اللهِ قُلْ لِيْ فِي الْإِسْلاَمِ قَوْلاً ، لاَ أَسْأَلُ عَنْهُ أَحَدًا غَيْرَكَ قَالَ: «قُلْ آمَنْتُ بِاللهِ ثُمَّ اسْتَقِمْ» ]

2. دائىم «قۇرئان كەرىم» ئوقۇپ تۇرۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُوْنَ الَّذِيْنَ إِذَا ذُكِرَ اللهُ وَجِلَتْ قُلُوْبُهُمْ وَإِذَا تُلِيَتْ عَلَيْهِمْ آيَاتُهُ زَادَتْهُمْ إِيمَانًا وَعَلَى رَبِّهِمْ يَتَوَكَّلُوْنَ﴾ (8 ـ سۈرە/ئەنفال 2 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ مَثَلُ الْمُؤْمِنِ الَّذِي يَقْرَأُ الْقُرْآنَ كَمَثَلِ الْأُتْرُجَّةِ؛ رِيحُهَا طَيِّبٌ وَطَعْمُهَا طَيِّبٌ وَمَثَلُ الْمُؤْمِنِ الَّذِيْ لَا يَقْرَأُ الْقُرْآنَ؛ كَمَثَلِ التَّمْرَةِ لَا رِيْحَ لَهَا وَطَعْمُهَا حُلْوٌ وَمَثَلُ الْمُنَافِقِ الَّذِيْ يَقْرَأُ الْقُرْآنَ مَثَلُ الرَّيْحَانَةِ؛ رِيحُهَا طَيِّبٌ وَطَعْمُهَا مُرٌّ وَمَثَلُ الْمُنَافِقِ الَّذِيْ لَا يَقْرَأُ الْقُرْآنَ كَمَثَلِ الْحَنْظَلَةِ لَيْسَ لَهَا رِيْحٌ وَطَعْمُهَا مُرٌّ ]

3. بىلگەنلەر بىلمىگەنلەرگە ئۆگىتىپ قويۇش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ كَتَمَ عِلْمًا أَلْجَمَ اللهُ بِلِجَامٍ مِنْ نَارٍ ]

[ لاَ يَنْبَغِي لِلْجَاهِلِ اَنْ يَسْكُتَ عَلَى جَهْلِهِ وَلاَ لِلْعَالِمِ اَنْ يَسْكُتَ عَلَى عِلْمِهِ ]

4. بىلمىگەنلەر بىلگەنلەردىن ئۆگىنىش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ اَلْعِلْمُ خَزَائِنُ مَفَاتِحِيْهَا اَلسُّؤَالُ اَلَا فَاسْأَلُوْا فَإِنَّهُ يُؤْجَرُ فِيْهِ أَرْبَعَةٌ: اَلسَّائِلُ وَالْعَالِمُ وَالْمُسْتَمِعُ وَالْمُحِبُّ لَهُمْ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ أُغْدُ عَالِمًا أَوْ مُتَعَلِّمًا أَوْ مُسْتَمِعًا أَوْ مُحِبًّا وَلاَ تَكُنْ خَامِسًا فَتُهْلِكُ ]

5. ھەر ئىشتا دۇئا قىلىپ، ئاللاھ تائالاغا ئىلتىجا قىلىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَإِذَا سَأَلَكَ عِبَادِيْ عَنِّي فَإِنِّيْ قَرِيْبٌ أُجِيْبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ فَلْيَسْتَجِيْبُواْ لِيْ وَلْيُؤْمِنُواْ بِيْ لَعَلَّهُمْ يَرْشُدُوْنَ﴾ (2 ـ سۈرە/ بەقەرە 186 ـ ئايەت)؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿قُلْ مَا يَعْبَأُ بِكُمْ رَبِّيْ لَوْلَا دُعَاؤُكُمْ فَقَدْ كَذَّبْتُمْ فَسَوْفَ يَكُوْنُ لِزَامًا﴾ (25 ـ سۈرە/77 ـ ئايەت)؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ادْعُوْنِيْ أَسْتَجِبْ لَكُمْ إِنَّ الَّذِيْنَ يَسْتَكْبِرُوْنَ عَنْ عِبَادَتِيْ سَيَدْخُلُوْنَ جَهَنَّمَ دَاخِرِيْنَ﴾ (40 ـ سۈرە/غافر 60 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ عن أنس بن مالك ان النبي ﷺ قال: «اَلدُّعَاءُ مُخُّ الْعِبَادَةِ» (الترمذي) ]

6. گۇناھىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئىستىغپارنى كۆپ ئوقۇش؛

﴿فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا﴾ (71 ـ سۈرە/نۇھ 10 ـ ئايەت)؛

﴿فَسَبِّحْ بِحَمْدِ رَبِّكَ وَاسْتَغْفِرْهُ إِنَّهُ كَانَ تَوَّابًا﴾ (110 ـ سۈرە/نەسر 3 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ يَا أَيُّهَا النَّاسُ اسْتَغْفِرُوْا اللهَ وَتُوْبُوْا إِلَيْهِ، فَإِنِّيْ أَسْتَغْفِرُ اللهَ وَأَتُوْبُ إِلَيْهِ فِي الْيَوْمِ أَكْثَرَ مِنْ سَبْعِيْنَ مَرَّةً ]؛

سَيِّدُ الْإِسْتِغْفَارِ: [ اَللّٰهُمَّ أَنْتَ رَبِّيْ لاَ إِلٰهَ إِلَّا أَنْتَ خَلَقْتَنِيْ وَأَنَا عَبْدُكَ وَعَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ أَعُوْذُبِكَ مِنْ شَرِّ مَا صَنَعْتُ أَبُوْءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَ أَبُوْءُ بِذَنْبِيْ فَاغْفِرْلِيْ فَإِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ إِلَّا أَنْتَ ]

7. پايدىسىز، قالايمىقان سۆزلەرنى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَالَّذِيْنَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُوْنَ﴾ (23 ـ مۆئمىنۇن 3 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ هَلْ يَكُبُّ النَّاسَ فِي النَّارِ عَلَى وُجُوهِهِمْ إِلاَّ حَصَائِدُ أَلْسِنَتِهِمْ؟ ]

## بەدەنگە ئالاقدار ئەمەللەر:

1. پاكىز بولۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا قُمْتُمْ إِلَى الصَّلاةِ فاغْسِلُواْ وُجُوهَكُمْ وَأَيْدِيَكُمْ إِلَى الْمَرَافِقِ وَامْسَحُواْ بِرُؤُوسِكُمْ وَأَرْجُلَكُمْ إِلَى الْكَعْبَينِ وَإِن كُنتُمْ جُنُبًا فَاطَّهَّرُواْ وَإِن كُنتُم مَّرْضَى أَوْ عَلَى سَفَرٍ أَوْ جَاء أَحَدٌ مَّنكُم مِّنَ الْغَائِطِ أَوْ لاَمَسْتُمُ النِّسَاء فَلَمْ تَجِدُواْ مَاء فَتَيَمَّمُواْ صَعِيدًا طَيِّبًا فَامْسَحُواْ بِوُجُوهِكُمْ وَأَيْدِيكُم مِّنْهُ مَا يُرِيدُ اللّهُ لِيَجْعَلَ عَلَيْكُم مِّنْ حَرَجٍ وَلَـكِن يُرِيدُ لِيُطَهَّرَكُمْ وَلِيُتِمَّ نِعْمَتَهُ عَلَيْكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ (5 ـ سۈرە/مائىدە 6 ـ ئايەت).

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَثِيَابَكَ فَطَهِّرْ﴾ (74 ـ سۈرە/مۇددەسسىر 4 ـ ئايەت).

اَلْحَدِيْثُ: [ اَلطُّهُرُ شَطْرُ الْإِيْمَانُ ]

اَلْحَدِيْثُ: [مِفْتَاحُ الْجَنَّةِ اَلصَّلاَةُ وَ مِفْتَاحُ الصَّلاَةِ اَلطُّهُرُ]

2. نەپلە ناماز ئوقۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الْمُزَّمِّلُ ۞ قُمِ اللَّيْلَ إِلَّا قَلِيْلًا ۞ نِصْفَهُ أَوِ انْقُصْ مِنْهُ قَلِيْلًا ۞ أَوْ زِدْ عَلَيْهِ وَرَتِّلِ الْقُرْآنَ تَرْتِيْلًا ۞ إِنَّا سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيْلًا ۞ إِنَّ نَاشِئَةَ اللَّيْلِ هِيَ أَشَدُّ وَطْءًا وَأَقْوَمُ قِيْلًا ۞ إِنَّ لَكَ فِي النَّهَارِ سَبْحًا طَوِيْلًا﴾

**(73 ـ سۈرە/مۇززەممىل 1~7 ـ ئايەت).**

پەيغەمبىرىمىز بەش ۋاخ ناماز بىلەن جۈمە نامىزىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇغاندىن باشقا يەنە «رەۋاتىب سۈننەتلەر» دەپ ئاتىلىدىغان نەپلە نامازلارنى ئوقۇغان، مەسجىدكە كىرىپلا ئىككى رەكەت تەھىييەتۇل مەسجىد نامىزى ئوقۇغان، ئىچى پۇشۇپ قالسا ناماز ئوقۇغان، سەپەردىن قايتىشىدا ئۇدۇل مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇغان، شۇنداقلا ئوقۇشقا تەشۋىق قىلغان.

پەيغەمبىرىمىز يەنە كۈن تۇتۇلغاندا كۈن تۇتۇلۇش (كۇسۇف) نامىزى، ئاي تۇتۇلغاندا ئاي تۇتۇلۇش (خۇسۇف) نامىزى، يامغۇر ياغمىغاندا سۇ تىلەش (ئىستىسقا) نامىزى ئوقۇغان. ساھابىلىرىگە قۇرئاندىن ئايەت ئۆگەتكەندەك ئىستىخارە قىلىشنى (بىرەر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئۇ ئىشنىڭ پايدىلىق ياكى زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىگە سېلىشنى ئاللاھتىن تىلەشنى) ئۆگەتكەن. ئىككى ھېيت كۈنىنىڭ ھەر بىرىدە ھېيت نامىزى ئوقۇغان، كېچە تۇرۇپ تەھەججۇد نامىزى ئوقۇغان، ئەتىگىنى چاشگاھ نامىزى ئوقۇغان.

ھاجەت نامىزى (بىرەر ھاجىتىنىڭ راۋا بولۇشىنى تىلمەكچى بولغان كىشى ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئاللاھتىن تىلىكىنى تىلىسە ياخشى بولىدۇ)، تەۋبە نامىزى، تەراۋىھ نامازلىرى قاتارلىقلار.

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ قَامَ لَيْلَةَ الْقَدْرِ إِيْمَانًا وَّإِحْتِسَابًا غُفِرَ لَهُ مَا تَقَدَّمَ مِنْ ذَنْبِهِ ]

3. نەفلە سەدىقە بېرىش؛

يەنى شەرىئەتتە مۇسۇلمانلارغا بەلگىلەنگەن ئۆشرە ـ زاكاتتىن باشقا سەدىقە بېرىش . مەسىلەن: سەدىقە پىتىر، خەير ـ ساخاۋەت قىلىش، مېھماننى ھۆرمەتلەپ ياخشى كۈتۈش، تېزرەك تاماقلاندۇرۇش قاتارلىقلار.

قَوْلُهُ تَعَالَىٰ: ﴿لَيْسَ الْبِرَّ أَنْ تُوَلُّوا وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَـٰكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ وَالْمَلَآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّيْنَ وَآتَى الْمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَىٰ

وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِيْنَ وَابْنَ السَّبِيْلِ وَالسَّآئِلِيْنَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُوْنَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِيْنَ فِي الْبَأْسَآءِ والضَّرَّآءِ وَحِيْنَ الْبَأْسِ أُوْلَـئِكَ الَّذِيْنَ صَدَقُوْا وَأُوْلَـئِكَ هُمُ الْمُتَّقُوْنَ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 177 ـ ئايەت) .

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ أَنفِقُواْ مِمَّا رَزَقْنَاكُم مِّن قَبْلِ أَن يَأْتِيَ يَوْمٌ لاَّ بَيْعٌ فِيهِ وَلاَ خُلَّةٌ وَلاَ شَفَاعَةٌ وَالْكَافِرُونَ هُمُ الظَّالِمُونَ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 254 ـ ئايەت) .

اَلْحَدِيْثُ: [ اِتَّقُوْا النَّارَ وَلَوْ بِشِقِّ تَمْرَةٍ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ آمَنَ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ فَلْيُكْرِمْ ظَيْفَهُ ]

4. نەپلە روزا تۇتۇش ؛

اَلْحَدِيْثُ: [ كَانَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَصُوْمُ حَتَّى نَقُوْلَ لاَ يُفْطِرُ وَيُفْطِرُ حَتَّى نَقُوْلَ لاَ يَصُوْمُ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ فَمَا رَأَيْتُ (عَائِشَةُ) رَسُوْلَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اِسْتَكْمَلَ صِيَامَ شَهْرٍ إِلاَّ رَمَضَانَ وَمَا رَأَيْتُ أَكْثَرَ صِيَامًا مِنْهُ فِي شَعْبَانَ ]

رەسۇلۇللاھ ھەر ھەپتىنىڭ دۈشەنبە، پەيشەنبە كۈنلىرى، مەيلى سەپەردە بولسۇن، مەيلى مۇقىمدا بولسۇن ھەر ئايدا ئاسماندىكى ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ كۈنلىرى، ھەر يىلى ئاشۇرا كۈنى، زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنلىرى نەپلە روزا تۇتاتتى.

5. ئۆمرە ھەج قىلىش ؛

اَلْحَدِيْثُ: [ «تَابِعُوْا بَيْنَ الْحَجِّ وَالْعُمْرَةِ فَإِنَّهُمَا يَنْفِيَانِ الْفِقْرَ وَالذُّنُوْبَ كَمَا يَنْفِي الْكِيْرُ خَبَثَ الْحَدِيْدِ» (رواه أحمد والترمذي) ]

6. ئىتىكاپ ؛

اَلْحَدِيْثُ: [ عَنْ عَائِشَةَ زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّهَا قَالَتْ: «كَانَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِذَا اعْتَكَفَ يُدْنِي إِلَيَّ رَأْسَهُ فَأُرَجِّلُهُ، وَكَانَ لاَ يَدْخُلُ الْبَيْتَ» ]

7. دىنىنى ساقلاش، زىددىيەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قوشنىدارچىلىقنى ياخشى قىلىش، قوشنىنى ياخشى تالىلاش ؛

اَلْحَدِيْثُ: [ لاَ يَدْخُلُ الْجَنَّةَ مَنْ لَّا يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ ]

8. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾

﴿ئۇلار ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر﴾ (70 ـ سۇرە/مائارىج 32 ـ ئايەت).

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ نَذَرَ أَنْ يُطِيْعَ اللهَ فَلْيُطِعْهُ وَمَنْ نَذَرَ أَنْ يُعْصِيَهُ فَلاَ يَعْصِهِ ]

بۇ ئىش مۇنداق بولسا ئادەم بولماي كېتەي، پالانچى بولماي كېتەي دېگەندەك گەپلەر قىلماسلىق كېرەك. بۇ ھەقتە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھېكايىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَلَا يَأْتَلِ أُوْلُوا الْفَضْلِ مِنْكُمْ وَالسَّعَةِ أَنْ يُؤْتُوْا أُوْلِي الْقُرْبَى وَالْمَسَاكِيْنَ وَالْمُهَاجِرِيْنَ فِي سَبِيْلِ اللَّهِ وَلْيَعْفُوْا وَلْيَصْفَحُوْا أَلَا تُحِبُّوْنَ أَنْ يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُوْرٌ رَّحِيْمٌ﴾ (24 ـ سۇرە/نۇر 22 ـ ئايەت).

ئىمراننىڭ ئايالىمۇ ئۆز ۋەدىسىدە تۇرۇشتا ئۈلگە ياراتتى. گەرچە قىز تۇغۇلسىمۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى ۋە ئاتىدى:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿إِذْ قَالَتِ امْرَأَةُ عِمْرَانَ رَبِّ إِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّرًا فَتَقَبَّلْ مِنِّي إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ ... إِلَى أَخِرِهِ﴾ (3 ـ سۇرە/ ئال ئىمران 35~37 ـ ئايەتلەر).

9. ئىماننىڭ بارلىقىغا جەزم قىلىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَإِذْ قَالَ إِبْرَاهِيمُ رَبِّ أَرِنِي كَيْفَ تُحْيِي الْمَوْتَى قَالَ أَوَلَمْ تُؤْمِن قَالَ بَلَى وَلَكِن لِّيَطْمَئِنَّ قَلْبِي ... إِلَى أَخِرِهِ﴾ (2 ـ سۇرە/بەقەرە 260 ـ ئايەت).

10. كاپارەتنى ئادا قىلىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿لاَ يُؤَاخِذُكُمُ اللّهُ بِاللَّغْوِ فِي أَيْمَانِكُمْ وَلَكِن يُؤَاخِذُكُم بِمَا عَقَّدتُّمُ الأَيْمَانَ ... إِلَى أَخِرِهِ﴾ (5 ـ سۇرە/مائىدە 89 ـ ئايەت).

مەسىلەن: روزىدار جىما قىلىشسا، قەستەن يېسە، ئىچسە بىر قۇل ئازاد قىلىش ياكى ئىككى ئاي ئارقىمۇ ئارقا روزا تۇتۇش، ياكى 60 مىسكىننى تويغۇزۇش؛ ھەرەمدىكى ئېھرامدىكى جىنايەتلەر 8 تۈرلۈك بولۇپ، بەزىسىگە بىر قوي قان قىلىش، بەزىسىگە ئىككى قوي قان قىلىش، بەزىسىگە بۇغداي بېرىش،

يەنە بەزىسىگە سەدىقە بېرىش.

پەيغەمبىرىمىز ئۇششاق ئىشلاردا قەسەم قىلىشتىن توسقان.

11. ئەۋرەتنى يېپىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَقُل لِّلْمُؤْمِنَاتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَارِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا ... إِلَى أَخِرِهِ﴾ (**24** ـ سۈرە/نۇر **31** ـ ئايەت)

ئەرلەرنىڭ ئەۋرىتىنىڭ دائىرىسى:

اَلْحَدِيْثُ: [ أَنَّهُ مَرَّ بِمَعْمَرٍ وَهُوَ بِفَنَاءِ الْمَسْجِدِ، مُحْتَبِيًّا كَاشِفًا عَنْ طَرْفِ فَخْذِهِ، فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: «خَمِّرْ فَخْذَكَ يَا مَعْمَرُ؛ فَإِنَّ الْفَخْذَ عَوْرَةٌ» ]

[ عَنْ عَلِيٍّ قَالَ: قَالَ رَسُوْلُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ:

«لاَ تَكْشِفْ فَخْذَكَ، وَلاَ تَنْظُرْ إِلَى فَخْذِ حَيٍّ وَلاَ مَيِّتٍ» (أبو داود وابن ماجه) ]

دېمەك، ئەرلەرنىڭ ئەۋرىتى كىندىكتىن تىزىغىچە، ئاياللارنىڭ ئەۋرىتى باشتىن پۇتىغىچە بولۇپ، بۇلارنى يېپىش بەك زۆرۈردۇر.

12. قۇربانلىق قىلىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿لَنْ يَنَالَ اللهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِنْ يَّنَالُهُ التَّقْوَى مِنْكُمْ كَذَلِكَ سَخَّرَهَا لَكُمْ لِتُكَبِّرُوْا اللهَ عَلَى مَا هَدَاكُمْ وَبَشِّرِ الْمُحْسِنِيْنَ﴾

(**22** ـ سۈرە/ھەج **37** ـ ئايەت).

اَلْحَدِيْثُ: [ مَا هَذِهِ الْأُضَاحَى؟ قَالَ: سُنَّةُ أَبِيْكُمْ إِبْرَاهِيْمَ عَلَيْهِ السَّلاَمُ ]

13. جىنازا ئىشلىرىغا ياردەملىشىش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ حَقُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ سِتٌّ: ... وَإِذَا مَاتَ، فَاشْهَدْ جِنَازَتَهُ ]

14. قەرزنى ۋاقتىدا ئادا قىلىش؛

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام داۋاملىق قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن پاناھلىق تىلەيتتى، قەرزنىڭ يالغانچىلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ناۋادا قەرزدار ۋاپات بولسا، نامىزنى چۈشۈرمەي تۇرۇپ، قەرزنى ئادا قىلغۇچىسىپ ئاندىن چۈشۈرەتتى.

15. مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش، رىيادىن ساقلىنىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللهَ مُخْلِصِيْنَ لَهُ الدِّيْنَ حُنَفَاءَ وَيُقِيْمُوْا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوْا

الزَّكَاةَ وَذٰلِكَ دِيْنُ الْقَيِّمَةِ﴾ (98 ـ سۈره/بەييىنە 5 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ «إِنَّ اللهَ لاَ يَنْظُرُ إِلَى أَجْسَامِكُمْ وَلاَ إِلَى صُوَرِكُمْ وَلاَ إِلَى أَمْوَالِكُمْ وَلٰكِنْ يَنْظُرُ إِلَى قُلُوْبِكُمْ وَأَعْمَالِكُمْ» (رواه مسلم عن أبي هريرة) ]

16. ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرۇش. ھەقىقەتنى يوشۇرماسلىق، ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بېرىش، ئادىل بولۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيْلاً أُوْلَـئِكَ لاَ خَلاَقَ لَهُمْ فِي الآخِرَةِ وَلاَ يُكَلِّمُهُمُ اللهُ وَلاَ يَنْظُرُ إِلَيْهِمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَلاَ يُزَكِّيهِمْ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ (3 ـ سۈره/ئال ئىمران 77 ـ ئايەت).

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَالَّذِينَ لَا يَشْهَدُونَ الزُّورَ وَإِذَا مَرُّوا بِاللَّغْوِ مَرُّوا كِرَامًا﴾ (25 ـ سۈره/فۇرقان 72 ـ ئايەت).

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَالَّذِيْنَ هُمْ بِشَهَادَاتِهِمْ قَائِمُوْنَ﴾ (70 ـ سۈره/مائارىج 33 ـ ئايەت)

اَلْحَدِيْثُ: [ أَلاَ أُخْبِرُكُمْ بِخَيْرِ الشُّهَدَآءِ الَّذِيْ يَأْتِهِ بِشَهَادَتِهِ قَبْلَ اَنْ يَسْأَلَهَا ]

اَلْحَدِيْثُ: [ سَبْعَةٌ يُظِلُّهُمُ اللهُ يَوْمَ لاَ ظِلَّ إِلاَّ ظِلُّهُ : إِمَامٌ عَادِلٌ ]

17. نىكاھلىنىش ئارقىلىق ئىپپەت نومۇسنى ساقلاش؛

﴿وَأَنْكِحُوْا الْأَيَامَى مِنْكُمْ وَالصَّالِحِيْنَ مِنْ عِبَادِكُمْ وَإِمَائِكُمْ إِنْ يَكُوْنُوْا فُقَرَاءَ يُغْنِهِمُ اللهُ مِنْ فَضْلِهِ وَاللهُ وَاسِعٌ عَلِيْمٌ﴾ (24 ـ سۈره/نۇر 32 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ لَمْ يُرَ لِلْمُتَحَابَّيْنِ مِثْلُ النِّكَاحِ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ لاَ يَخْلُوَنَّ رَجُلٌ بِإِمْرَأَةٍ فَإِنَّ الشَّيْطَانَ ثَالِثُهُمَا ]

18. ئايالنىڭ ھەر جەھەتتىكى ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇش، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىش؛

كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى، ئەڭ شەرەپلىكى، ئالى رەھبىرى بولغان رەسۇلۇللاھ قانداق قىلدى؟

اَلْحَدِيْثُ: [ خَيْرُكُمْ خَيْرُكُمْ لِأَهْلِهِ، وَأَنَا خَيْرُكُمْ لِأَهْلِيْ ]

قَوْلُهُ تَعَالیٰ: ﴿... وَلَهُنَّ مِثْلُ الَّذِي عَلَيْهِنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ وَاللّٰهُ عَزِيزٌ حَكُيمٌ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 228 ـ ئايەت)؛

پەيغەمبىرىمىز ئاياغلىرىنى ئۆزى مايلىغان، كىيىملىرىنى يۇيغان، تۈگمىلىرىنى قادىغان.

اَلْحَدِيْثُ: [ عِفُّوْا عَنِ النِّسَاءِ تُعِفَّ نِسَاءُكُمْ ]

19. ئاتا ـ ئانىلارغا ياخشى خىزمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىش؛

قَوْلُهُ تَعَالیٰ: ﴿وَقَضَى رَبُّكَ أَلاَّ تَعْبُدُواْ إِلاَّ إِيَّاهُ وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ الْكِبَرَ أَحَدُهُمَا أَوْ كِلاَهُمَا فَلاَ تَقُلْ لَّهُمَآ أُفٍّ وَلاَ تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلاً كَرِيْمًا﴾ (17 ـ سۈرە/ئىسرا 23 ـ ئايەت)؛

قَوْلُهُ تَعَالیٰ: ﴿وَوَصَّيْنَا الْإِنسَانَ بِوَالِدَيْهِ إِحْسَانًا ... إِلَى أَخِرِهِ﴾ (46 ـ سۈرە/ئەھقاف 15 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [بِرُّوْا أَبَائَكُمْ تُبِرُّكُمْ اَبْنَاؤُكُمْ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ «مِنَ الْكَبَائِرِ: شَتْمُ الرَّجُلِ وَالِدَيْهِ» قَالُوْا: يَا رَسُوْلَ اللّٰهِ وَهَلْ يَشْتَمُ الرَّجُلُ وَالِدَيْهِ؟ قَالَ: «نَعَمْ يَسُبُّ اَبَا الرَّجُلِ فَيَسُبُّ أَبَاهُ أُمَّهُ فَيَسُبُّ أُمَّهُ» (متفق عليه) ]

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ أَصْبَحَ مُرْضِيًّا لِاَبَوَيْهِ اَصْبَحَ لَهُ بَابَانِ مَفْتُوْحَانِ إِلَى الْجَنَّةِ وَمَنْ أَمْسَى فَمِثْلُ ذَلِكَ مَنْ اَصْبَحَ مُسْخِطًا لِاَبَوَيْهِ اَصْبَحَ لَهُ بَابَانِ مَفْتُوْحَانِ إِلَى النَّارِ وَمَنْ أَمْسَى فَمِثْلُ ذَلِكَ]

20. بالىلارنى ياخشى ئەخلاق بىلەن، بىلىم بىلەن تەربىيەلەش. ئۆزى ئۈلگە بولۇش، ھەممىسىنى باراۋەر ياخشى كۆرۈش، قىز بىلەن ئوغۇلنى تەڭ كۆرۈش؛

قَوْلُهُ تَعَالیٰ: ﴿وَإِذَا بُشِّرَ أَحَدُهُمْ بِالأُنثَى ظَلَّ وَجْهُهُ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ﴾ (16 ـ سۈرە/نەھل 58 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ مُرُوْا اَوْلاَدَكُمْ بِالصَّلاَةِ وَهُمْ اَبْنَاءُ سَبْعٍ وَاضْرِبُوْاهُمْ وَهُمْ أَبْنَاءُ عَشْرٍ ]

بالىنىڭ دادىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرى: ئانىسىنى ياخشى تاللاش، ئىسمىنى ياخشى قويۇش، ئىلىم ئۆگىتىش.

21.رەھىمدىل بولۇش، توغقانلارنى يوقلاش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿... وَلْيَعْفُوا وَلْيَصْفَحُوا أَلَا تُحِبُّونَ أَن يَغْفِرَ اللَّهُ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ **(24 ـ** سۈرە/نۇر **22 ـ** ئايەت)؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا إِنَّ مِنْ أَزْوَاجِكُمْ وَأَوْلَادِكُمْ عَدُوًّا لَّكُمْ فَاحْذَرُوْهُمْ وَإِن تَعْفُوْا وَتَصْفَحُوْا وَتَغْفِرُوْا فَإِنَّ اللهَ غَفُوْرٌ رَّحِيْمٌ﴾ **(64 ـ** سۈرە/تەغابۇن **14 ـ** ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ لاَ يَرْحَمْ لاَ يُرْحَمْ ]؛ اَلْحَدِيْثُ: [ لاَ يَدْخُلُ الْجَنَّةَ قَاطِعُ رَحِمٍ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ سَرَّهُ أَنْ يُبْسَطَ لَهُ فِي رِزْقِهِ أَوْ يُنْسَأَ لَهُ فِي أَثَرِهِ فَلْيَصِلْ رَحِمَهُ ]

22. باشلىقىقا بوي سۇنۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِيْنَ آمَنُوْا أَطِيْعُوْا اللهَ وَأَطِيْعُوْا الرَّسُوْلَ وَأُوْلِي الْأَمْرِ مِنْكُمْ ... إِلَى أَخِرِهِ﴾ **(4 ـ** سۈرە/نىسا **59 ـ** ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ إِذَا كَانَ ثَلاَثَةٌ فِي سَفَرٍ فَلْيُؤَمِّرُوْا أَحَدَهُمْ (أبو داود) ]

23. ئۆزىنىڭ ئادالىتىنى نامايان قىلىش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ وَاللهِ لَوْ سَرَقَتْ فَاطِمَةُ بِنْتُ مُحَمَّدٍ لَقَطَقْتُ يَدَهَا ]

**24.** جامائەتكە ئەگىشىش؛

مەسىلەن: رامىزان ئايلىرىدا ئاي ئىزدەپ، ئاي كۆرۈشتە، روزا تۇتۇش ئىشلىرىدا، روزىنى توختىتىپ ئىپتار قىلىدىغان ئىشلاردا ۋە باشقا ھەممە ئىشلاردا كۆپچىلىك بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش كېرەك.

﴿وَقُلِ اعْمَلُوْا فَسَيَرَى اللُّه عَمَلَكُمْ وَرَسُوْلُهُ وَالْمُؤْمِنُونَ وَسَتُرَدُّونَ إِلَى عَالِمِ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمْ تَعْمَلُونَ﴾ **(9 ـ** سۈرە/تەۋبە **105 ـ** ئايەت)؛

نېمە كارىم، ئۆزۈم بىلسەم بولدى، ئۆزۈمگە توغرا، دېمەستىن باشقىلارغا بولغان تەسىرىنى ئويلىشىمىز لازىم. رەسۇلۇللاھنى كەچتە ئايالى بىلەن كۆرگەن ساھابىنى چاقىرتىپ: «بۇ مېنىڭ ئايالىم» دېگەن.

جامائەتنىڭ گۇۋاھلىقى ھەققىدىكى يەنە بىر ھەدىس: [ هَذَا اثْنَيْتُمْ عَلَيْهِ خَيْرًا،

فَوَجَبَتْ لَهُ الْجَنَّةُ، وَهَذَا أَثْنَيْتُمْ عَلَيْهِ شَرًّا، فَوَجَبَتْ لَهُ النَّارُ. اَنْتُمْ شُهَدَاءُ اللهِ فِي الْاَرْضِ ]

25. بىلىم ئەھلىلىرىگە ئەگىشىش ۋە بوي سۇنۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿شَهِدَ اللّهُ أَنَّهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ وَالْمَلاَئِكَةُ وَأُوْلُواْ الْعِلْمِ قَآئِمَاً بِالْقِسْطِ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ﴾ (3 ـ سۇرە/ ئال ئىمران 18 ـ ئايەت)؛

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَتِلْكَ الْأَمْثَالُ نَضْرِبُهَا لِلنَّاسِ وَمَا يَعْقِلُهَا إِلَّا الْعَالِمُونَ﴾ (29 ـ سۇرە/ئەنكەبۇت 43 ـ ئايەت)؛

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿أَمَّنْ هُوَ قَانِتٌ آنَاء اللَّيْلِ سَاجِدًا وَقَائِمًا يَحْذَرُ الْآخِرَةَ وَيَرْجُو رَحْمَةَ رَبِّهِ قُلْ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُوا الْأَلْبَابِ﴾ (39 ـ سۇرە/زۇمەر 9 ـ ئايەت)؛

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿أَفَمَن يَعْلَمُ أَنَّمَا أُنزِلَ إِلَيْكَ مِنْ رَبِّكَ الْحَقُّ كَمَنْ هُوَ أَعْمَى إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ الأَلْبَابِ﴾ (13 ـ سۇرە/رەئد 19 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ أُغْدُ عَالِماً أَوْ مُتَعَلِّمًا أَوْ مُسْتَمِعًا أَوْ مُحِبًّا وَلاَ تَكُنْ خَامِسًا فَتُهْلِكُ ]

26. ئادەملەر ئوتتۇرىسىنى ياراشتۇرۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿... إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ (49 ـ سۇرە/ھۇجۇرات 9~10 ـ ئايەتلەر)؛

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿لاَ خَيْرَ فِي كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَاهُمْ إِلاَّ مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلاَحٍ بَيْنَ النَّاسِ وَمَن يَفْعَلْ ذَلِكَ ابْتَغَاء مَرْضَاتِ اللّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ (4 ـ سۇرە/نىسا 114 ـ ئايەت)؛

تەۋسىيە: جېدەل كۆرمەسلىك كېرەك، يا ئايرىۋېتىش، يا كېتىپ قىلىش؛

27. ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچىلارغا ياردەم قىلىش؛

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿وَتَعَاوَنُواْ عَلَى الْبرِّ وَالتَّقْوَى وَلاَ تَعَاوَنُواْ عَلَى الإِثْمِ وَالْعُدْوَانِ وَاتَّقُواْ اللّهَ إِنَّ اللّهَ شَدِيْدُ الْعِقَابِ﴾ (5 ـ سۇرە/مائىدە 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)؛

28. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇش، يامان ئىشلاردىن توسۇش؛

قَوْلُهُ تَعَالیٰ: ﴿كُنْتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِالْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ الْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِاللهِ﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 110 ـ ئايەت)؛

اَلْحَدِيْثُ: [ مَنْ رَأَى مِنْكُمْ مُنْكَرًا فَلْيُغَيِّرْهُ بِيَدِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِلِسَانِهِ، فَإِنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَبِقَلْبِهِ، وَذٰلِكَ أَضْعَفُ الْإِيْمَانِ ]

29. ھالال ھارامنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىپ تۇرۇش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ اَلْحَلَالُ بَيِّنٌ وَالْحَرَامُ بَيِّنٌ وَمَا بَيْنَهُمَا مُشْتَبِهَاتٌ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ دَعْ مَا يُرِيْبُكَ إِلَى مَالاَ يُرِيْبُكَ]

اَلْحَدِيْثُ: [ مَا الْإِيْمَانُ: قَالَ إِذَا سَرَّتْكَ حَسَنَتُكَ وَسَاءَتْكَ سَيِّئَتُكَ فَأَنْتَ مُؤْمِنٌ ]

30. ئۆز يۇرت ۋەتىنىنى قوغداشتا ئومۇمىي خەلق بىردەك بولۇش (يۇرت ـ ۋەتەن ئىمان دېمەكتۇر)؛

31. ئامانەتنى ئادا قىلىش؛

مۇئمىنىنىڭ ئەڭ چوڭ سۈپىتى ئامانەتدار بولۇشتۇر. چۈنكى، بىزنىڭ تۇرغان پۈتكىنىمىز ھەممىسى ئامانەت: ئىمانىمىز ئامانەت، بالا ـ چاقا ئامانەت، ئۆي ئامانەت، مال ئامانەت، سۆھبەت ئامانەت، بىلىم ئامانەت. . . .

﴿وَالَّذِينَ هُمْ لِأَمَانَاتِهِمْ وَعَهْدِهِمْ رَاعُونَ﴾ (70 ـ سۈرە/مائارىج 32 ـ ئايەت)؛

[ آيَةُ الْمُنَافِقِ ثَلاَثٌ: إِذَا حَدَثَ كَذِبَ وَإِذَا وَعَدَ أَخْلَفَ وَإِذَا أُؤْتُمِنَ خَانَ ]

32. قەرز ئېلىشتا ۋە قەرز بېرىشتە ھۆججەتلىشىش؛

قَوْلُهُ تَعَالیٰ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إِذَا تَدَايَنتُم بِدَيْنٍ إِلَى أَجَلٍ مُّسَمًّى فَاكْتُبُوهُ ... إِلَى أَخِرِهِ﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 282 ـ ئايەت)؛

33. خولۇم قوشنىلارنى ھۆرمەتلەش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ لاَ يَدْخُلُ الْجَنَّةَ مَنْ لَّا يَأْمَنُ جَارُهُ بَوَائِقَهُ ]

اَلْحَدِيْثُ: [ لَيْسَ الْمُؤْمِنُ الَّذِيْ يَشْبَعُ وَجَارُهُ جَائِعٌ ]

34. تىجارەتنى ھالال بولۇش، مۇئامىلىدە سىلىق ـ سىپايە، گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ رَحِمَ اللهُ رَجُلاً سَمْحًا إِذَا بَاعَ وَإِذَا اشْتَرٰى وَإِذَا اقْتَضٰى]

اَلْحَدِيْثُ: [ مَا الْإِيْمَانُ ؟ قَالَ: « اَلصَّبْرُ وَالسَّمَاحَةُ » ]

35. ئىسراپچىلىق قىلماسلىق؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُواْ زِينَتَكُمْ عِندَ كُلِّ مَسْجِدٍ وكُلُواْ وَاشْرَبُواْ وَلاَ تُسْرِفُواْ إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾ (7 ـ سۈرە/ئەئراف 154 ـ ئايەت)؛

36. چۈشكۈرگۈچىگە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تىلەش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ حَقُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ سِتٌّ: ... وَإِذَا عَطَسَ فَحَمِدَ اللهَ فَشَمِّتْهُ ... ]

37. ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلىشتىن ساقلىنىش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ اَلْمُؤْمِنُ مَنْ أَمِنَهُ النَّاسُ اَلْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُوْنَ مِنْ لِسَانِهِ ويَدِهِ وَالْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ السُّوْءَ]

38. سالام قىلغۇچىغا جاۋاب قايتۇرۇش؛

اَلْحَدِيْثُ: [ حَقُّ الْمُسْلِمِ عَلَى الْمُسْلِمِ سِتٌّ: إِذَا لَقِيْتَهُ فَسَلِّمْ عَلَيْهِ ...]

39. پايدىسىز، ئەرزىمەس سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىش؛

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿وَالَّذِيْنَ هُمْ عَنِ اللَّغْوِ مُعْرِضُوْنَ﴾ (23 ـ سۈرە/مۇئمىنۇن 3 ـ ئايەت)؛

40. يولدا پۇتلىشىدىغان نەرسىلەر بولسا ئېلىۋېتىش، ئويماننى تۇزلەپ قويۇش؛ ھەدىس: [ إِمَاطَةُ الْأَذٰى عَنِ الطَّرِيْقِ ]؛

سىناپ باقايلى، ماشىنىنى توختىتىپ تۇرۇپ، يولدىكى ئەزىيەتلەرنى ئېلىۋېتەيلى، ئىماننىڭ لەززىتىنى تېتىش پۇرسىتىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن.

سۆزىمىزنى قىيامەت بىلەن ساۋابلىرىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە كەلگەن تۆۋەندىكى «زەلزەلە سۈرىسى» بىلەن ئاياغلاشتۇرىمىز:

قَوْلُهُ تَعَالىٰ: ﴿إِذَا زُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا ۞ وَأَخْرَجَتِ الْأَرْضُ أَثْقَالَهَا ۞ وَقَالَ الْإِنْسَانُ مَا لَهَا ۞ يَوْمَئِذٍ تُحَدِّثُ أَخْبَارَهَا ۞ بِأَنَّ رَبَّكَ أَوْحَى لَهَا ۞ يَوْمَئِذٍ يَصْدُرُ النَّاسُ أَشْتَاتًا لِّيُرَوْا أَعْمَالَهُمْ ۞ فَمَنْ يَّعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَّرَهُ ۞ وَمَنْ يَّعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَّرَهُ﴾

﴿زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە؛ زېمىن (قوينىدىكى) يۈكلىرىنى (يەنى مەدەنلەر، ئۆتلار، ئۆلۈكلەرنى) چىقارغاندا؛ ئىنسان (يەنى كاپىر) ئۇنىڭغا (يەنى زېمىنغا): «نېمە

بولـدى؟» دېگەنـدە؛ بۇ كۈنـدە زېمىن ئۆزىنىـڭ خەۋەرلىرىنى (يەنى ئۇنىڭ ئۈسـتىدە ئىشلـەنگەن ياخشـى ـ يامان ئىشلارنى) مەلۇم قىلىدۇ؛ (ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشى) رەببىڭنىڭ ئۇنى شـۇنداق قىلىشـقا ئەمر قىلغانلىقىدىندۇر؛ بۇ كۈندە كىشـىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسـىنى كۆرۈش (يەنى نەتىجىسـىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىـدۇ؛ كىمكى زەررىچىلىـك يـاخشـى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ؛ كىمكى زەررىچىلىـك يـامـان ئىش قىلىـدىكەن، ئۇنىـڭ جـازاسـىنى تارتىدۇ﴾ (99 ـ سۈرە/زەلزەلە 1~8 ـ ئايەتلەر). ئاللاھ تائالا ئىشلىرىمىزغا ئاسانلىق بەرسۇن، ئامىن!

*************************************************************

## «قۇرئان كەرىم»دىكى دۇئالاردىن تاللانمىلار

﴿رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِنْ ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ﴾

﴿رەببىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتـائەتمەن قىلغىن، بىزنىـڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتـائەتمەن ئۇممەت چىقـارغىن، بىزگە ھەجـىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سـەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 128 ـ ئايەت)؛

﴿رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ﴾

﴿رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشـىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشـىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 201 ـ ئايەت)؛

﴿رَبَّنَا أَفْرِغْ عَلَيْنَا صَبْرًا وَثَبِّتْ أَقْدَامَنَا وَانصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ﴾

﴿رەببىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن﴾ (2 ـ سۈرە/بەقەرە 250 ـ ئايەت)؛

﴿رَبَّنَا إِنَّكَ جَامِعُ النَّاسِ لِيَوْمٍ لاَّ رَيْبَ فِيهِ إِنَّ اللّهَ لاَ يُخْلِفُ الْمِيعَادَ﴾

﴿رەببىمىز! شـۈبھىسـىزكى، كېلىشـى شـەكسـىز بولغان كۈندە (يەنى ھېسـاب ئېلىنىدىغان قىيامەت كۈندە) كىشىلەرنى توپلىغۇچىسەن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ﴾ (3 ـ سۈرە/ئال ئىمران 9 ـ ئايەت).

# ئۆلچەملىك ۋەز سۆزلەش ئۇسۇلى[1]

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

اَلْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِى بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ، الَّذِى هَدَانَا لِهَذَا وَمَا كُنَّا لِنَهْتَدِى لَوْلَا أَنْ هَدَانَا اللهُ وَصَلَوَاتُ اللهِ وَتَسْلِيْمَاتُهُ عَلَى رَحْمَتِهِ الْمُهْدَاةِ لِلْعَالَمِيْنَ سَيِّدِنَا وَإِمَامِنَا وَأُسْوَتِنَا وَحَبِيْبِنَا مُحَمَّدٍ وَعَلَى آلِهِ وَصَحْبِهِ وِمَنِ اتَّبَعَهُمْ بِإِحْسَانٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ

أَمَّا بَعْدُ:

قَوْلُهُ تَعَالَى: ﴿اُدْعُ إِلِى سَبِيْلِ رَبِّكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُمْ بِالَّتِيْ هِيَ أَحْسَنُ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَنْ ضَلَّ عَنْ سَبِيْلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِيْنَ﴾

### قانداق قىلغاندا ئۆلچەملىك ۋائىزلاردىن بولالايمىز؟

دىنىي بىلىم ئىگىلىگەنلەر، دىنىي ۋەزىپە بىلەن شۇغۇللانغانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. بىزنىڭ ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق كۆرسەتكەن:

﴿وَالَّذِي أَوْحَيْنَا إِلَيْكَ مِنَ الْكِتَابِ هُوَ الْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ إِنَّ اللهَ بِعِبَادِهِ لَخَبِيرٌ بَصِيرٌ ۝ ثُمَّ أَوْرَثْنَا الْكِتَابَ الَّذِيْنَ اصْطَفَيْنَا مِنْ عِبَادِنَا فَمِنْهُمْ ظَالِمٌ لِّنَفْسِهِ وَمِنْهُم مُّقْتَصِدٌ وَمِنْهُمْ سَابِقٌ بِالْخَيْرَاتِ بِإِذْنِ اللَّهِ ذَلِكَ هُوَ الْفَضْلُ الْكَبِيْرُ﴾

﴿ساڭا بىز ۋەھيى قىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر. ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ (راستلىقىنى) ئىسپاتلىغۇچىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن بەندىلىرىنى تولۇق بىلگۈچىدۇر، كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. ئاندىن بىز كىتاب (يەنى قۇرئان) نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر. ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر﴾ (35 ـ سۇرە/فاتىر 31~32 ـ ئايەتلەر).

---

[1] بېشى ئالدىنقى سانلاردا.

بىز يۇقىرىقى ئىككى ئايەتتىن «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلارنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، شۇڭا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بەندىلىرىنىڭ ئىچىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنى تاللاپ، ئۇلارغا «قۇرئان كەرىم»نى مىراس قالدۇرۇپ بەرگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن باشقا، يەنە «قۇرئان كەرىم»نى مىراس قىلىپ تاپشۇرۇپ ئالغان كىشىلەرنىڭمۇ ئۈچ خىل بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر خىلى قۇرئاننى ئوقۇغان بىلەن ئەمەل قىلماي ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلىدىغانلىقىنى، يەنە بىر خىلى قۇرئاننى ئوقۇپ كۆپ چاغلاردا ئەمەل قىلغان بولسىمۇ، بەزىدە ئەمەل قىلماي ئوتتۇرھال تۇرىدىغانلىقىنى، لېكىن ئۈچىنچى خىلى ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە ئىزنى بىلەن قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مەرھەمىتى ئۈستىدە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالىمىز. بۇ ئايەتتىن يەنە شۇنى چۈشىنىۋالىمىزكى، ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئىشى پەيغەمبىرىمىزدىن مىراس قالغان ۋەزىپە بولۇپ، ئۇنى ياخشى ئورۇندىغىنىمىزدىلا يۇقىرىقى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئۈچىنچى خىل كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىپ، ئۇلۇغ رەببىمىز ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيمىز ھەم كاتتا ساۋابلارنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز؛ شۇنىڭدەك دۇنيا ئۈچۈنمۇ، ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈنمۇ ياخشى ئىش قىلالىغان بولىمىز. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە دىني ئۆلىمالارنىڭ ئورنىنى، ۋەزىپىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ إِنَّ الْعُلَمَاءَ وَرَثَةُ الْأَنْبِيَاءِ ]

«ئۆلىمالار ھەقىقەتەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى».

دېمەك، بىز دىنىي بىلىم ئىگىلىگەن دىنىي زاتلارنىڭ ۋەزىپىسى ئېغىر ئەمما شەرەپلىك، مەسئۇلىيەتچانلىقى يۇقىرى بولۇپ، ئۇنى ئۆز لايىقىدا مۇۋاپىق ئورۇنداش گەدىنىمىزگە چۈشكەن پەرز، شۇڭا بىز ھەربىر سۆزنى قىلغىنىمىزدا، ھەربىر قەدەمنى باسقىنىمىزدا سۆز ـ ھەرىكىتىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن كەلدىمۇ يوق دېگەننى ئېسىمىزگە ئېلىشىمىز، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:

قَوْلُهُ تَعَالٰى: ﴿لَّقَدْ كَانَ لَكُمْ فِيْ رَسُوْلِ اللّٰهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِّمَنْ كَانَ يَرْجُوْا اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيْرًا﴾

﴿سىلەرگە ــ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر﴾ (**33** ـ سۈرە/ئەھزاب **21** ـ ئايەت).

دېمەك، پەيغەمبىرىمىز ھەربىر سـۆز ـ ھەرىكىتىمىزدە ئەگىشـىدىغان ئۈلگىمىز، يېتەكچىمىز بولۇشـى كېرەك. ئۇنـداقتـا پەيغەمبىرىمىز ۋەز ـ نەسـىھەتنى قـانـداق ئورۇنـدىغـان؟ قـانـداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن؟ پەيغەمبىرىمىزنى ئۈلگە قىلىشىمىز ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز لازىم؟ بۇنىڭدا ئـالـدى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنـىڭ 23 يىللىق ھـاياتىغا ئىنچىكىلىك بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت، دەۋەت قىلىش ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسـسـالام ئۆزىنىڭ ھاياتىدا ئالدى بىلەن ئىسـلام ئەقىدىسـىگە دائىر مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەسىلەن: ئاللاھ تائالاغا ، ئۇنىڭ بىرلىك ـ بارلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ پەرىشـتىلىرىگە، شـۇنىڭدەك سـاماۋى كىتابلارغا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەلچىلىرىگە، قىيامەت كۈنىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغانلىققا، ياخشـى ـ يامان ئىشـلارنىڭ ھەممىسـىنىڭ ئاللاھ تـائالا تەرىپىدىن بولىدىغانلىقىغا ھەر جەھەتتىن پـاكىـت ـ دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ قـايـىل قىلىشتىن باشلاپ، ئىككىنچى قەدەمدە ئىسلام دىنىنىڭ بەش ئەركانىنى بايان قىلغان. ئۇنىڭدىن قالسا ئىسلام ئەخلاقى، ئاممىۋى مۇناسىۋەتكە دائىر بىر قاتار ئەھكاملارنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىغان ھەمدە دىنىنى، جاننى، ئەقىلنى، نەسلىنى ياخشى ساقلاشقا ئائىت مەسىلىلەر بولسۇن، ھەممىسىدىلا ئەڭ ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنى ئالدىنقى قاتاردا بايان قىلىپ، تەدرىجىي ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە ئاساس سالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۆزىدە ھەقىقىي پەيغەمبەرگە خاس ئېسـىل خىسـلەتلەرنى نامايان قىلىپ، ئىسـلام ئەقىدىلىرىنىڭ، شـەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ئۆزى ئۈلگە كۆرسەتكەن. شـۇڭا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا سورالغان چاغدا، ئائىشـە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبىرىمىزنىڭ گەپ ـ سـۆزلىرىنىڭ، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسـى «قۇرئـان كەرىم»نـىڭ كۆرسـەتمىلىرى بويىچە ئۇنىڭدىن تەبىئىي ھـالـدا سـادىر بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

اَلْحَدِيْثُ: [ كَانَ خُلُقُهُ اَلْقُرْآنَ ] «ئۇنىڭ ئەخلاقى قۇرئاننىڭ دەل ئۆزى ئىدى».

شـۇڭا بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋارىسلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھەر بىر ئېغىز سۆزىمىزدە، ھەر بىر ھەرىكىتىمىزدە رەسۇلۇللاھنى ئۈلگە قىلىشىمىز، ھەتتا ۋەز ـ نەسىھەت قىلغان ۋاقتىمىزدىمۇ ئۇنىڭ مۇبارەك ئىش ـ پائالىيەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىشىمىز لازىم.

تۆۋەندە ۋەز سۆزلىگۈچىلەرگە قويۇلىدىغان بەزى شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز.

## ۋائىزلارنىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلىرى

ۋەز سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزلىرى تەربىيەلىنىشى، باشقىلارغا ۋەز سۆزلەپ يېتەكلىسە

كەينىگە كىرىپ ئەگەشكۈدەك ياخشى سۈپەتلەرنى ئۆزىدە تىكلىشى، ئۆزىنىڭ نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، شۇنداقلا قىلغاندىلا سۆزلىمەكچى بولغان ۋەزنىڭ ئۈنۈمىنى ئاشۇرغىلى، مەقسەت ـ غايىگە يەتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار بۇ ئارقىلىق جامائەتكە ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلالايدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ۋائىزلارنىڭ سۆزىدىن كۆرە، قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىگە بەكرەك ئۇچرايدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر مەسىلە ئۈستىدە گەپ ئاچماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزى شۇ ئىشقا بىۋاسىتە باش بولۇشى ھەم قاتنىششى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنىڭ ۋە قىلغان ۋەزنىنىڭ ۋەزنى بولىدۇ، جامائەتكە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ھەم ۋەز تەشەببۇسلىرىغا قارىتا ئۇلارنىڭ قىزغىنلىقىنى ئاشۇرالايدۇ، ۋائىزنىڭ ئۆزىمۇ جامائەتنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، شۇڭا ۋائىزلار ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

1. ۋائىزلار ئاللاھ تائالاغا ئۆزىنى بېغىشلاپ ۋە ئىشتىياق باغلاپ ئىمان ئېيتقان بولۇشى ھەمدە باشقىلارنى ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك ـ بارلىقىغا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرىشى كېرەك. شۇڭا ۋائىزلار ئالدى بىلەن ئەقىدە مەسىلىلىرىنى تولۇق ئىگىلىشى، ئەستايىدىل ئۆگىنىشى كېرەك. چۈنكى ئەرەبلەرنىڭ قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بويىچە:

[ إِنَّ فَاقِدَ الشَّيْءِ لاَ يُعْطِيْهِ مَنْ لَمْ يَمْلِكْ نِصَابًا لاَ يزكي ]

«بىر نەرسىنى يوق كىشى بېرەلمەيدۇ، مېلى ئۆلچەمگە يەتمىگەن كىشى سەدىقە ئاجرىتالمايدۇ».

دېمەكچىكى، بىر نەرسە بىلمىگەن كىشى باشقىلارغا بىر نەرسە ئۆگىتەلمەيدۇ، دىننى چۈشەنمىگەن كىشى باشقىلارنى يېتەكلىيەلمەيدۇ. شۇڭا ۋائىز ئالدى بىلەن ئۆزى بىلىم ئىگىلىشى، ۋەز سۆزلەپ جامائەتنى قايىل قىلىپ ياخشى يولغا يېتەكلەشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بىلىشى، مۇۋەپپەقىيەت بىلەن مەغلۇبىيەتنىڭ پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك ھەمدە ئىسلام دىنىمىزدا چەكلەنگەن بارلىق يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بەلگىلەنگەن پەرز، ۋاجىپ، سۈننەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىشى، تەقۋادارلىققا ياتىدىغان ئىشلارنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋېلىشى كېرەك.

## ۋەزنى قانداق تەييارلاش كېرەك؟

ھەممىمىزگە مەلۇم، ۋەزنى ياخشى سۆزلەيمەن دەپ ئىرادە قىلغان ۋائىز ئالدى بىلەن سۆزلەشتىن ئاۋۋالقى تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك، شۇڭا بەزى ئۆلىمالار: ۋەزنىڭ تېمىسىنى ياخشى تاللاش ۋەز سۆزلەشتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئالامىتىدۇر، دېگەن؛ يەنە بەزى ئۆلىمالار ھەر جۈمە كۈنى سۆزلىنىدىغان ۋەزنى چوقۇم بىر ھەپتە تەييارلاش كېرەك، شۇنداق

قىلغاندا ۋەزنىڭ ئۈنۈمى، نەتىجىسى، جامائەتكە قالدۇرىدىغان تەسىرى ياخشى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ: يەنە بەزىلەر: ۋەز تەييارلىغاندا جامائەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتى دائىرىسىدە مەسىلىلەرنىڭ كىچىككىدىن، ئاسىنىدىن باشلاپ پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش پرىنسىپى ئاساسىدا تەييارلاش كېرەك، دەپ قارىشىدۇ. دېمەك، ۋائىزلارنىڭ ۋەز تەييارلاش باسقۇچى ئىنتايىن مۇھىم، شۇڭا ئۇلار ۋەزنى تەييارلاش جەريانىدا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

1. ۋەزگە مۇۋاپىق تېما تاللاش كېرەك. ۋەز سۆزلەشتە مۇقىم ئۆلچەملىك قېلىپ بولمىسىمۇ، لېكىن ۋەزنىڭ تېمىسىنى تاللاشتا تۆۋەندىكى بىر قانچە پرىنسىپلارغا دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

1) ۋەزنىڭ تېمىسى جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتى-ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، مەسىلىلەرنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

2) ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەتنىڭ ھېسسىياتىغا تەگمەيدىغان، ئۇلار قىزىقىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇشى، ھەرگىز ئىتتىپاقسىزلىققا سەۋەبچى بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بولماسلىقى كېرەك. يەنى ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەت ئىچىدە زىددىيەت، تەپرىقىچىلىك پەيدا قىلىدىغان مەسىلىلەر ياكى دىيارىمىزدا ئومۇملاشمىغان باشقا مەزھەپ كۆز قاراشلىرىنى تەرغىب قىلىش ئۈستىدە بولماسلىقى، بەلكى مۇسۇلمانلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان، ئۇلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشقا ئۈندەيدىغان تېمىلاردا بولۇشى كېرەك.

3) ۋەزنىڭ تېمىسى جامائەتكە يېڭى بىلىم، يېڭى مەلۇمات بېرىدىغان مەزمۇندا بولۇشى، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بىلىم، ئۇچۇر تەشنالىقىنى قاندۇرالايدىغان بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ۋەزنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ئاشىدۇ، جامائەتمۇ رازى بولىدۇ.

4) ۋەزنىڭ تېمىسى ۋەز سۆزلىمەكچى بولغان كىشىنىڭ ئەمەلىي سەۋىيەسىگە مۇۋاپىق بولۇشى، ئۆزى تاللىغان تېمىسىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا ۋەزنى سۆزلەشنى باشلاپ قويۇپ، جامائەت ئالدىدا ھودۇقۇپ قالىدىغان، مەسىلىلەرنى ئىنچىكىلىك بىلەن يېشىپ بېرەلمەيدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلۈپ، ۋەز مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

5) ۋەزنىڭ تېمىسى مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا، دىنىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ھەم ئۇلارنىڭ چۈشىنىش، قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ۋائىزلارنىڭ سۆزلىگەن ۋەزلىرى جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۈنۈملۈك، مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋەز بولۇپ چىقىدۇ. (داۋامى كېيىنكى ساندا)

# ھەدىس شەرھىسىنىڭ تەرجىمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

## كتاب الإيمان②

### ئىمان ھەققىدە

2. عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ الله عَنْهُمَا عَنِ النَّبِيِّ صَلَى الله عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ:
«اَلْمُسْلِمُ مَنْ سَلِمَ الْمُسْلِمُوْنَ مِنْ لِسَانِهِ وَيَدِهِ وَالْمُهَاجِرُ مَنْ هَجَرَ مَا نَهَى الله عَنْهُ»
ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «كامىل مۇسۇلمان ـــ مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن ئەمىن بولغان كىشىدۇر. ھەقىقىي مۇھاجىر، ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى تاشلىغان كىشىدۇر».

### المعنى العام (ئۇمۇمى مەنىسى)

يعتمد صرحُ الاسلام ومجتمعُه الكامل على قاعدتين، قاعدة إيجابية وهى فعلُ الخير، من إفشاء سلام، وإطعام طعام، وعمل بناء. وقاعدة سلبية، أو قاعدة الترك والكف، وهذه القاعدة الثانية هى المقدمة وهى الأهم، لأن التخلية مقدمة على التحلية، من هنا اهتم الشرعُ بتهذيب أبنائه وإبعادهم عن المساوئ، والرذائل، وإيذاء بعضهم بعضًا، فجعل المسلمَ الحقَ هو الذي يسلم الناسُ من لسانه ويده وبقية جوارحه، هو الذي يمسك لسانه عن طعن الناس ويحفظ ما بين فكَّيْهِ عن الإساءة للمسلمين، وهو الذي يمسك يده وبقية أعضاء جسمه، ويحبس شرورها وأذاها فلا يمد يده لحق الغير، ولا تمشى رجله للإضرار بأحد.

ئىسلام دىنىنىڭ بىناسى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەل جەمئىيىتى مۇنداق ئىككى پرىنسىپقا تايىنىدۇ:

② «المنهل الحديث في شرح الحديث»دىن بىرىلدى. بېشى ئالدىنقى ساندا.

بىرىنچىسى، ئىجابىي پرىنسىپ: ئۇ سالام قىلىش، تائام بېرىش ۋە ياخشى نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن ئىبارەت ياخشى ئىشلارنى قىلىش؛ يەنە بىرى: سەلبىي پرىنسىپ ياكى تاشلاش ۋە ساقلىنىش پرىنسىپى. بۇ ئىككىنچى پرىنسىپ ئەڭ مۇھىم بولۇپ ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان. چۈنكى، (يامان ئىشلارنى) تاشلاش (ياخشى ئىشلارغا) ئىگە بولۇشنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلگەن. شۇڭا ئىسلام شەرىئىتى مۇسۇلمان پەرزەنتلىرىنى تەربىيەلەشكە ۋە ئۇلارنى يامان سۆز-ھەرىكەت ۋە ناچار قىلىقلاردىن، بىر-بىرىگە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن يىراقلاشتۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلدى. ئىسلام شەرىئىتى تىلى، قولى ۋە باشقا ئەزالىرىدىن كىشىلەر ئەمىن بولغان كىشىنى، تىلىنى كىشىلەرنى ئەيىبلەشتىن يىغىدىغان، ئېغىزىنى مۇسۇلمانلارغا يامان سۆز قىلىشتىن ساقلايدىغان كىشىنى، قولىنى ۋە بەدىنىنىڭ باشقا ئەزالىرىنى تىزگىنلەيدىغان، ئۇ ئەزالارنىڭ يامانلىق ۋە ئەزىيەتلىرىنى توسىدىغان، باشقىلارنىڭ ھەققىگە قول ئۇزاتمايدىغان، بىرەرسىگە يامانلىق قىلىشقا قەدەم باسمايدىغان كىشىنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دەپ قارىدى.

وإذا كانت الهجرة من بلاد الكفر إلى بلاد الإسلام فرارا بالدين من أفضل القربات، فإن هجرة الفواحش، وهجرة المحرمات، من أعظم الطاعات، فالمهاجر الحق هو الذي يهجر المعاصى، ويبتعد عنها، ولا يقترفها، بل لا يحوم حولها حتى لا يقع فيها.

دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۇفرى دىيارىدىن ئىسلام دىيارىغا قىلىنىدىغان ھىجرەت ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەڭ ئەۋزەل ئىبادەتلەر قاتارىدىن بولسا، ئۇنداقتا يامان ئىشلارنى تاشلاش ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىق ئۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇغراق ئىبادەتتۇر. ھەقىقىي مۇھاجىر گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى تاشلايدىغان، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرىدىغان، ئۇنى سادىر قىلمايدىغان، بەلكى ئۇنى قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېقىنمۇ يولىمايدىغان كىشىدۇر.

## المباحث العربية (ئەرەب تىلى جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر)

«المسلم» وكذا المسلمة، فالتعبير بالمسلم للتغليب، والنساء شقائق الرجال يسرى عليهن حكمهم، إلا ما خص بنص الشرع.

«مۇسۇلمان ئەر» (المسلم) ۋە شۇنىڭدەك «مۇسۇلمان ئايال» (المسلمة) سۆزلىرىنى مۇسۇلمان ئەر سۆزى بىلەن ئىپادىلەش جۈپ نەرسىنى ئۇنىڭ بىرى بىلەن ئىپادىلەش تەغلىب (التغليب) قائىدىسى ئۈچۈن بولغان، ئاياللار بولسا ئەرلەرنىڭ ئوخشاشلىرى، شەرىئەت مەخسۇس بېكىتكىنىدىن باشقا ئەرلەرگە قىلىنغان بارلىق ھۆكۈملەر ئاياللارغىمۇ ئۈيغۇن كېلىدۇ.

«من سلم المسلمون» فيه جناس الاشتقاق، وهو أن يرجع اللفظان فى الاشتقاق إلى أصل واحد، والتعبير بلفظ «المسلمون» من قبيل التغليب أيضا أي والمسلمات.

«مۇسۇلمانلار ئەمىن بولغان كىشى» (من سلم المسلمون) دېگەن ئىبارىدە سۆز يىلتىزىدىكى ئاھاڭداشلىق (جناس الاشتقاق)دىن ئىبارەت بەدىئىي ئىپادە بار، ئۇ ئىككى سۆزنىڭ ياسىلىشتا بىر

سۆز يىلتىزىغا قايتىشىدۇر، مۇسۇلمان ئەرلەر (المسلمون) ۋە مۇسۇلمان ئاياللار (المسلمات) نى مۇسۇلمان ئەرلەر (المسلمون) سۆزى بىلەن ئىپادىلەش جۈپ نەرسىنى ئۇنىڭ بىرى بىلەن ئىپادىلەش (التغليب)كە مەنسۇپ بىر تۈردىن.

«من لسانه ويده» المراد من اليد ما هو أعم من العضو المعروف، فيراد بقية الأعضاء، كما يراد اليد المعنوية، كالاستيلاء على حق الغير بغير حق، فالمراد من سلم المسلمون من شره مطلقا.

«ئۇنىڭ تىلىدىن ۋە قولىدىن» (من لسانه ويده)دا قول (اليد) دىن ئىرادە قىلىنغىنى ھەممىگە مەلۇم ئەزا (قول)دىن ئۇمۇمىيراق بولغان مەنە، ئۇنىڭ بىلەن ناھەق باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئىگىلىۋېلىشتەك مەنىۋى قول ئىرادە قىلىنغىنىدەك، بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىمۇ ئىرادە قىلىنىدۇ. ئىرادە قىلىنغان مەنا: «مۇسۇلمانلار يامانلىقىدىن مۇتلەق ئەمىن بولغان كىشى» دېگەندىن ئىبارەتتۇر.

«والمهاجر» أي الهاجر، فالمفاعلة ليست من الجانبين، كلفظ المسافر وقيل: إن من هجر شيئا فقد هجره ذلك الشيء وإن كان جمادا، وهو هجرة بالقوة وبغير إرادة.

«مۇھاجىر» (المهاجر) ھىجرەت قىلغۇچى (الهاجر) مەنىسىدە، ھىجرەت قىلىش (المهاجرة) مەنسۇپ بولغان (المفاعلة) بابى بۇ يەردە ئىككى تەرەپتىن ئورۇنلىنىدىغان «ئۆملۈك مەنىدە» ئەمەس. بۇ خۇددى «سەپەر قىلغۇچى» (المسافر) گە ئوخشاش. ئېيتىلىشىچە بىر نەرسىنى تاشلىسا نەرسە جانسىز بولسىمۇ ۋە ئۇ زورلۇق بىلەن خالىماي تاشلاش بولسىمۇ ئۇ كىشىدىن ئايرىلىدۇ.

## فقه الحديث (ھەدىسشۇناسلىق)

من علامة المسلم التي يُسْتَدَلُّ بها على حسن إسلامه سلامةُ المسلمين من شره وأذاه، بل إحسان المعاملة مطلوب مع غير المسلمين، بل مع غير الإنسان من الطير والحيوان، فذكر المسلمين فى الحديث خرج مخرج الغالب، لأن محافظة المسلم على كف الأذى عن أخيه المسلم أشد تأكيدا، ولأن الكفار بصدد أن يقاتلوا، وإن كان فيهم من يجب الكف عنه، ولأن الأغلب أن سبب الإذابة المخالطة، وغالب من يخالطهم المسلم عادة المسلمون مثله، فنبه على التحرز من إذايتهم التى قربت أسبابها.

مۇسۇلماننىڭ ياخشى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىنىدىغان بەلگىلىرىدىن بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭ يامانلىقى ۋە ئەزىيەتلىرىدىن ئەمىن بولۇشىلا ئەمەس، بەلكى، مۇسۇلمان ئەمەسلەرگە، يەنە كېلىپ ئىنساندىن باشقا قۇشلار ۋە ھايۋانلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىدۇر. مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن داۋاملىق ساقلىنىشى ئەڭ كۈچلۈك تەكىتلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ۋە يەنە دىنىنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئىچىدە ئەزىيەت يەتكۈزۈشتىن قول يىغىش لازىم بولغان كىشى بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا ئۇرۇشۇش تەرەپدارلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن؛ چېقىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۆز-ئارا ئارىلىشىش ئىكەنلىكىنىڭ ئېھتىمالى زور بولغانلىقى، مۇسۇلمان

كىشى ئازىلىشىدىغان ئادەملەر ئادەتتە ئۆزىگە ئوخشاش مۇسۇلمانلار بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ھەدىستە مۇسۇلمانلارنى تىلغا ئېلىش تەنتەنىلىك ئۇقتىسىدا چىقتى. ئەزىيەت يەتكۈزۈپ سېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشقا ئاگاھلاندۇرۇلدى.

وخص اللسان واليد بالذكرمن بين سائر الجوارح لأن اللسان هو المعبر عما فى النفس، واليد هى التى بها البطش والقطع والوصل والأخذ والمنع والإعطاء.

تىل ۋە قول كۆپىنچە ئەزالارنىڭ ئارىسىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدى، چۈنكى تىل كۆڭۈلدىكىنى ئىپادىلىگۈچى؛ قول تۇتۇش، ئۈزۈش، ئۇلاش، ئېلىش، توسۇش قاتارلىق ئىشلار ئۇنىڭ بىلەن ئورۇنلانغۇچى.

وقدم اللسان على اليد لأن إيذاءه أكثر وقوعا من إيذائها وأسهل مباشرة وأشد نكاية منها، ولهذا قال الشاعر:

جراحات السنان لها التئام  ولا يلتام ما جرح اللسان

تىل قولدىن ئىلگىرى كەلتۈرۈلدى، چۈنكى قولنىڭ ئەزىيىتىدىن تىلنىڭ ئەزىيىتىنىڭ يۈز بېرىشى كۆپرەك، ئازىلىشى ئاسانراق ۋە ئۇنىڭ زەربىسى قاتتىقراق. شۇنىڭ ئۈچۈن شائىر مۇنداق دېگەن:

تىغ يارىسى ساقىيار ،  تىل يارىسى ساقايماس.

ثم إيذاء اللسان يعم ويلحق عددا أكثر مما يلحقه إيذاء اليد، فقد يؤذى البعيد والقريب، والحاضر والغائب والميت والحي، وأسرة أو قبيلة أو دولة بلفظ واحد، بخلاف اليد.

ئاندىن تىلنىڭ ئەزىيىتى ئەتراپلىق بولىدۇ ۋە قولنىڭ ئەزىيىتىدىنمۇ كۆپرەك مەخلۇققا يېتىپ بارىدۇ. تىل بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا يىراق ـ يېقىندىكىلەر، نەخ مەيداندا بار ـ يوقلار، ئۆلۈكلەر ـ تىرىكلەر، بىرەر ئائىلە، بىرەر قەبىلە، بىرەر دۆلەتكە ئەزىيەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن ، بۇنىڭغا قارىغاندا قولنىڭ ئەزىيىتى ئۇنچىۋالا ئەمەس.

فذكر اللسان واليد مع غلبة مباشرتهما الأذى كالعنوان لكل ما يباشر الأذى من الأعضاء، حتى القلب فإنه منهى عن الحسد والبغض والغيبة وإضمار الشر ونحو ذلك.

تىل ۋە قول ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئۈستۈنلۈكى بىلەن بىۋاسىتە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ئەزالارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا قەلبىنىڭ بىر ئىپادىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدى. چۈنكى، قەلب ھەسەتخورلۇق، ئۆچمەنلىك، ئۆچ كۆرۈش، غەيۋەت، كۆڭۈلدە يامانلىق ساقلاش ۋە ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن چەكلەنگەن جاي.

ولا يدخل فى إيذاء المسلم إقامة الحدود عليه، إذ هي إصلاح لا إيذاء وكل مأذون فيه شرعا مهما آلم ليس من قبيل الإيذاء المحرم.

شەرىئەتنىڭ جازالىرىنى ئىجرا قىلىش مۇسۇلمانغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى جازانى ئىجرا قىلىش ئەزىيەت يەتكۈزۈش ئەمەس، تۈزەشتۇر. شەرىئەتتە مۇسۇلمانغا رۇخسەت

قىلىنغان ھەر نەرســە قانچىلىك ئازابلىســـىمۇ، ماھىيەتتە چەكلەنگەن ئەزىيەت يەتكۈزۈش تۈرلىرى ئوخشىمايدۇ.

## ويؤخذ من الحديث (ھەدىستىن مۇنۇلار ئېلىنىدۇ)

1. الحث على ترك أذى المسلمين بكل ما يؤذى ، وجماع ذلك حسن الخلق وهو درجات، أعلاها درجة الأبرار، وهم الذين لا يؤذون الذر ولا يضمرون الشر؛

مۇســۇلمانلارغا ئەزىيەت يېتىدىغان ھەرقانداق نەرســە بىلەن ئازار بېرىشــنى تاشــلاشــقا ئۈندەش. ئاشــۇنداق قىلىشــنىڭ مەنبەســى گۈزەل ئەخلاقتۇر، گۈزەل ئەخلاق بىر نەچچە دەرىجىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ياخشــىلار دەرىجىسى، ئۇلار چۈمۈلىگىمۇ ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان، كۆڭلىدە يامانلىقنى ساقلىمايدىغان كىشىلەردۇر؛

2. فى الحديث رد على المرجئة فى قولهم: لا يضر مع الإيمان معصية؛

بۇ ھەدىســتە مۇرجىئەلەرنىڭ «ئىمان بار بولســىلا، گۇناھ زىيان يەتكۈزۈلمەيدۇ» دېگەن ســۆزىگە رەددىيە بار؛

3. فى الحديث أن العفو والصفح وترك المؤاخذة أولى من المطالبة والمعاقبة

﴿وَلَمَنْ صَبَرَ وَغَفَرَ إِنَّ ذَلِكَ لَمِنْ عَزْمِ الْأُمُورِ﴾؛

بۇ ھەدىســتە ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش، جازالىماســلىقنىڭ داۋالىشــىش ۋە جازالاشــقا قارىغاندا ياخشىراق ئىكەنلىكى ئايان بولغان.

﴿كىمكى سەۋرچان، ئەپۇچان بولسا ئەلۋەتتە ئاشۇ قىلىشقا ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾ **(42 ـ سۈرە/شۇرا 43 ـ ئايەت)**؛

4. والحث على هجر الفسق والعصيان؛

بۇزۇقچىلىق ۋە ئىتائەتسىزلىكنى تاشلاشقا ئۈندەش؛

5. وفيه أن عدم الإيذاء علامة ظاهرة من علامات المسلم ، وليس معى ذلك أن من سلم المسلمون من لسانه ويده يكون كامل الإسلام وإن قصر فى الواجبات والأخرى، فظهور علامة قد تكون غير معبرة عن باطن حقيقي لا تثبت بها الحقيقة الكاملة، نعم من لم يسلم المسلمون من أذاها لا يكون مسلما كامل الإسلام وإن كان مسلما فى الجملة.

بۇ ھەدىســتە ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك مۇسـۇلماننىڭ روشـەن ئالامەتلىرىدىن بىرسـى ئىكەنلىكى نامايان بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ مەنىســى «مۇسـۇلمانلار تىلى ۋە قولىدىن ئەمىن بولغان كىشى، باشقا مەجبۇرىيەتلەرگە سەل قارىسىمۇ كامىل مۇسۇلمان بولۇۋېرىدۇ » دېگەنلىك ئەمەس. ھەقىقىي ئىچكى دۇنيانى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر ئالامەتنىڭ مەيدانغا كېلىشـــى بىلەن مۇكەممەل بولغان بىر رېئاللىقنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ. توغرا! مۇسۇلمانلار ئەزىيىتىدىن ئەمىن بولغان كىشى ئومۇمەن

بىر مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كامىل بولغان بىر مۇسۇلمان بولمايدۇ.

## الأسئلة (سوئاللار)

1. الإسلام دين المسالمة. اشرح هذه العبارة في ضوء شرحك لهذا الحديث؟
ئىسلام دىنى ئىناقلىق دىنى. بۇ ئىبارىنى بۇ ھەدىسنى چۈشەنگىنىڭىز بويىچە شەرھىيلەڭ.

2. وما وجه دخول المسلمة في هذا الحكم؟
مۇسۇلمان ئايالىنىڭمۇ ھەدىستىكى ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

3. وماذا من الفن البلاغي في قوله «من سلم المسلمون» ؟
«مۇسۇلمانلار ئەمىن بولغان كىشى» دېگەن سۆزدە بەدىئىي ئىپادىدىن نېمە بار؟

4. وهل المفاعلة من الجانبين في قوله «المهاجر» أو من جانب واحد؟ وضح ما قيل في ذلك.
«المهاجر»دىكى «المفاعلة» ۋەزنى ئىككى تەرەپتىن (ئورۇنلىنىدىغان ئۆملۈك) مەنىدىمۇ ياكى بىر تەرەپتىن (ئورۇنلىنىدىغان) مەنىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە دېيىلگەنلىرىنى چۈشەندۈرۈڭ.

5. ظاهر الحديث أن من لم يسلم المسلمون من لسانه ويده لا يكون مسلما, وإن قام بواجبات الإسلام الأخرى، وظاهره أن من سلم المسلمون من لسانه ويده يكون مسلما كاملا وإن قصر في الواجبات الأخرى مع أن ذلك غير مراد. فكيف توجهه؟
ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسى: «مۇسۇلمانلار تىلى ۋە قولىدىن ئەمىن بولمىغان كىشى ئىسلام دىنىنىڭ باشقا مەجبۇرىيەتلىرىنى ئورۇنلىغان بولسىمۇ كامىل مۇسۇلمان بولمايدۇ» ۋە «مۇسۇلمانلار تىلى ۋە قولىدىن ئەمىن بولغان كىشى باشقا دىنى مەجبۇرىيەتلەرگە سەل قارىسىمۇ، شۇنداق قىلىشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا كامىل مۇسۇلمان بولىدۇ» دېگەن بولىدۇ، بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟

6. وهل كف المسلم أذاه مقصور على المسلمين؟
مۇسۇلماننىڭ ئەزىيەتنى توختىتىشى پەقەت مۇسۇلمانلار بىلەنلا چەكلەنگەنمۇ؟

7. إن لم يكن مقصورا فلم عبر بالمسلمين؟
ئەگەر چەكلەنمىگەن بولسا، ئۇ نېمە ئۈچۈن «مۇسۇلمانلار» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەندى؟

8. ولم خص اللسان واليد بالذكر من بين بقية الأعضاء التي تباشر الأذى؟
نېمە ئۈچۈن تىل ۋە قول بىۋاسىتە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان باشقا ئەزالار ئارىسىدىن ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى؟

9. ولم قدم اللسان على اليد؟
نېمە ئۈچۈن تىل قولنىڭ ئالدىدا كەلتۈرۈلدى؟

10. وهل يدخل في الإيذاء هنا إقامة الحدود؟

بۇ يەردە جازا ئىجرا قىلىش ئەزىيەت يەتكۈزۈش دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟

11. وجه ما تقول، واذكر ما يؤخذ من الحديث من الأحكام؟

دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇڭ؟ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان ھۆكۈملەرنى سۆزلەپ بېرىڭ؟

## شرح الكلمات

| | |
|---|---|
| المُسْلِمُ / المُسْلِمُ الكَامِلُ ، اَلْكَامِلُ الإِسْلَامِ : | كامىل مۇسۇلمان |
| سَلِمَ يَسْلَمُ سَلَامَةً مِنَ العَيْبِ أو المَرَضِ أو الخَطَرِ/ بَرِئَ وَتَخَلَّصَ مِنْهُ وَخَلَا مِنْهُ وَنَجَا مِنْهُ : | ئەيىبتىن پاك بولدى، كېسەلدىن ساقايدى، خەتەردىن قۇتۇلدى، نجات تاپتى، ئەمىن بولدى. |
| المُهَاجِرُ : | المُهَاجِرُ المَمْدُوحُ هُوَ الَّذِي جَمَعَ إِلَى هِجْرَانِ وَطَنِهِ هِجْرَ مَا حَرَّمَ اللهُ عَلَيْهِ |
| مۇھاجىر : | ھەقىقىي مۇھاجىر (يۇرتىدىن ھىجرەت قىلىشقا ئاللاھ چەكلىگەن ئىشلارنى تاشلاشنى بىرلەشتۈرگەن كىشى) |
| هَجَرَ يَهْجُرُ هَجْرًا وَ هِجْرَانًا الشَّيْئَ أوالشَّخْصَ / تَرَكَهُ وَأَعْرَضَهُ : | تەرك ئەتتى، تاشلىدى، تاشلىدى، كەچتى. |
| هَاجَرَ / تَرَكَ وَطَنَهُ : | يۇرتىدىن ئايرىلدى، ھىجرەت قىلدى. |
| | **المعنى العام** |
| اَطْلَقَ كَذَا عَلىٰ كَذَا / جَعَلَهُ عَلَامَةً لَهُ : | ...نى ...نىڭ بىر ئالامىتى قىلدى، بەلگىسى قىلدى |
| صَرْحٌ ج صُرُوحٌ / قَصْرٌ : | ساراي، قەسىر، |
| كُلُّ بِنَاءٍ عَالٍ : | ھەربىر ئېگىز بىنا، بىنا |
| صَرْحُ الإِسْلَامِ : | ئىسلام دىنىنىڭ بىناسى |
| قَاعِدَةٌ ج قَوَاعِدُ / مُرْتَكَزٌ : | ئۇل، ئاساس، بازىس، بازا. |
| قَاعِدَةٌ / ضَوَابِطُ أو أَمْرٌ كُلِّيٌّ يَنْطَبِقُ عَلَى جُزْئِيَّاتٍ : | قائىدە، پىرىنسىپ، قانۇن، مەسلەك. |
| قَاعِدَةٌ إِيْجَابِيَّةٌ : | ئىجابىي پىرىنسىپ، (قىلىش لازىم بولغان پىرىنسىپ) |
| قَاعِدَةٌ سَلْبِيَّةٌ : | سەلبىي پىرىنسىپ (قىلماسلىق لازىم بولغان پىرىنسىپ) |
| فِعْلُ الخَيْرِ : | ياخشى ئىش قىلىش. |
| إِفْشَاءُ سَلَامٍ / بَذْلُ السَّلَامِ لِلْعَالَمِ / قِرَاءَةُ السَّلَامِ عَلَى مَنْ عَرَفْتَ وَمَنْ لَمْ تَعْرِفْ : | ھەممىگە (تونۇغان ۋە تونۇمىغان كىشىگە) سالام قىلىش. |
| عَمَلٌ بَنَّاءٌ / عَمَلٌ مُسْفِرٌ عَنْ نَتَائِجَ حَسَنَةٍ : | ئۈنۈمى ياخشى ئىش، نەتىجىلىك ئىش، ئىجابىي ئىش. |
| قَاعِدَةُ التَّرْكِ وَالْكَفِّ : | تەرك ئېتىش ۋە ساقلىنىش پىرىنسىپى. |
| مُقَدَّمَةٌ / مُتَقَدِّمَةُ الذِّكْرِ : | ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان، ئالدىدا كەلتۈرۈلگەن. |
| التَخَلِّيَةُ / تَخَلِّيَةُ المَسَاءَةِ (خَلَّ الأَمْرَ / تَرَكَهُ) : | (يامان ئىشنى) تاشلاش. |

التَحَلّيَةُ / تَحَلِّيَةُ الخَيْرِ : (ياخشى ئىش بىلەن) بېزىلىش، (ياخشىلىققا) ئىگە بولۇش.

مِنْ هُنَا / مِنْ ذَلِكَ : شۇڭا، شۇنىڭ ئۈچۈن.

هَذَّبَ الصَّبِيَّ / رَبَّاهُ تَرْبِيَةً صَالِحَةً خَالِيَةً مِنَ الشَّوَائِبِ : (ئەيىب ـ نوقساندىن خالى يارامىلىق) تەربىيەلىدى.

مَسَاءَةٌ ج مَسَاوِئُ / قَبِيْحٌ مِنَ الفِعْلِ وَالقَوْلِ : يامان سۆز ـ ھەرىكەت، يامانلىق.

رَذِيْلَةٌ رَذَائِلُ / ضِدَ فَضِيْلَةٍ . سُلُوكٌ نَاتِجٌ مِنَ الشَّرِّ ، فَسَادٌ أَخْلَاقِيٌّ : ناچار قىلىق.

إِيْذَاءُ بَعْضِهِمْ بَعْضًا : بىر ـ بىرىگە زىيان سېلىش، ئەزىيەت يەتكۈزۈش.

جَارِحَةٌ ج جَوَارِحُ / عُضْوٌ عَامِلٌ مِنْ أَعْضَاءِ الجَسَدِ : بەدەننىڭ ئىشلىيەلەيدىغان ئەزاسى، مۈچە

أَمْسَكَ لِسَانَهُ / ضَبَطَهُ ، اِمْتَنَعَ عَنِ الكَلَامِ : تىلىنى يىغدى.

أَمْسَكَ عَنْ كَذَا / كَفَّ عَنْهُ وَامْتَنَعَ : ساقلاندى.

طَعَنَ يَطْعَنُ طَعْنًا عَلَيْهِ بِلِسَانِهِ / عَابَهُ وَقَدَحَ فِيْهِ : ئەيىبلىدى.

يُمْسِكُ لِسَانَهُ عَنْ طَعْنِ النَاسِ : تىلىنى كىشىلەرنى ئەيىبلەشتىن يىغدۇ.

فَكٌّ ج فُكُوكٌ / مَغْرِسُ الأَسْنَانِ : چىشلار ئورۇنلاشقان جاي، جاغ، جاۋغاي.

مَا بَيْنَ فَكَّيْهِ : ئىككى جاغنىڭ ئارىسىدىكى نەرسە، تىل.

أَسَاءَ لَهُ أو إِلَيْهِ أَوْ عَلَيْهِ / ضِدَّ أَحْسَنَ ، أَلْحَقَ بِهِ سَوءًا : يامانلىق قىلدى.

قُرْبَةٌ قُرُبَاتٌ / مَا يَتَقَرَّبُ بِهِ إِلَى اللهِ مِنْ أَعْمَالِ البِرِّ وَالطَاعَةِ : ئاللاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئەمەللەر.

هِجْرَةُ الفَوَاحِشِ : يامان ئىشلارنى تاشلاش.

هِجْرَةُ المُحَرَّمَاتِ : چەكلىنىلگەن ئىشلاردىن ساقلىنىش.

مَعْصِيَةٌ ج مَعَاصٍ / زِلَّةٌ ، خَطِيْئَةٌ : خاتالىق، گۇناھ، مەئسىيەت.

مَعْصِيَةٌ / اِمْتِنَاعٌ عَنْ الإِنْقِيَادِ ، تَرْكُ طَاعَةٍ : بويسۇنماسلىق، ئىتائەتسىزلىك.

اِقْتَرَفَ الذَنْبَ / أَتَاهُ : گۇناھ قىلدى، گۇناھ ئۆتكۈزدى.

حَامَ يَحُومُ حَوْمًا حَوْلَهُ / دَارَ بِهِ : ئەتراپىنى ئايلاندى.

وَقَعَ فِي الذَّنْبِ / تَعَثَّرَ فِيْهِ : گۇناھقا پاتتى، گۇناھ ئۆتكۈزدى.

لَا يَحُوْمُ حَوْلَهَا حَتَّى لَا يَقَعَ فِيْهَا : ئۇ (گۇناھ)نى ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئەگمەيدۇ.

## المباحث العربية

تَغْلِيْبٌ / إِيْثَارُ أَحَدِ اللَّفْظَيْنِ عَلَى الآخَرِ فِي الأَحْكَامِ العَرَبِيَّةِ إِذَا كَانَ بَيْنَ مَدْلُولَيْهِمَا عَلَاقَةٌ أَو اِخْتِلَاطٌ : ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ ئارىسىدا مۇناسىۋەت ياكى ئارىلىشىپ كېلىش ئەھۋالى بولسا، ئەرەب تىلىغا ئائىت ھۆكۈملەردە ئىككىسىدىن بىرىنى يەنە بىرىگە نىسبەتەن تاللاپ ئىپادىلەش، جۈپنى بىرى بىلەن ئىپادىلەش.

شَقَائِقُ الرِّجَالِ / نَظَائِرُهُمْ وَأَمْثَالُهُمْ فِي الأَخْلَاقِ وَالطِّبَاعِ : ئەرلەرنىڭ ئوخشاشلىرى

سَرَى يَسْرِي سَرْيًا عَلَيْهِ الأَمْرُ / اِنْطَبَقَ عَلَيْهِ : ...گە ئۇيغۇن كەلدى، ماس كەلدى.

خَصَّهُ بِالذِّكْرِ / اَفْرَدَهُ بِهِ : ئۇنى ئالاھىدە تىلغا ئالدى.

إِلاَّ مَا خُصَّ بِنَصِّ الشَّرْعِ : شەرئەت بېكىتىلمىسىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا.

جَنَاسُ الإِشْتِقَاقِ : سۆز ياسىلىشىدىكى ئاھاڭداشلىق، سۆز يىلتىزىدىكى ئاھاڭداشلىق.

مِنْ قَبِيْلِ التَغْلِيْبِ : جۈپنى بىرى بىلەن ئىپادىلەشكە مەنسۇپ تۇردىن.

اِشْتِقَاقٌ : أَخَذُ لَفْظٍ مِنْ لَفْظٍ آخَرَ بِشَرْطٍ تُنَاسِبُهُمَا مَعْنًى وَتَرْكِيْبًا وَاخْتِلَافُهُمَا فِي الصِّيْغَةِ.

ئىشتقاق قىلىش: سۆز ياساش، يەنى بىر سۆزنى يەنە بىر سۆزدىن ئىككىسىنىڭ مەنە ۋە تەركىبىدىكى ھەرپ جەھەتتىن مۇناسىپ بولۇش، سۆز شەكلىدە پەرقلىق بولۇش شەرتى بىلەن كەلتۈرۈپ چىقىرىش.

أَعَمُّ مِنَ العُضْوِ المَعْرُوفِ : ھەممىگە تونۇشلۇق ئەزا (قول) دىن ئەتراپلىقراق، ئۇمۇمىيراق.

اِسْتَوْلَى عَلَيْهِ / صَارَ فِي يَدِهِ : ئىگىلىۋالدى، ئېلىۋالدى.

بِغَيْرِ حَقٍّ : ناھەق.

بِالقُوَّةِ : زورلۇق بىلەن

بِغَيْرِ اِرَادَةٍ : خالىماي.

## فقه الحديث

اِسْتَلَّ بِالشَّيْئِ عَلَى الشَّيْءِ / اِتَّخَذَهُ دَلِيْلًا عَلَيْهِ : ...نى ...نىڭ دەلىلى قىلدى.

حَسُنَ إِسْلَامُهُ : ئۇنىڭ ياخشى مۇسۇلمان ئىكەنلىكى.

يُسْتَدَلُّ بِهَا عَلَى حُسْنِ إِسْلَامِهِ : ئۇنىڭ ياخشى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە دەلىل قىلىنىدىغان.

إِحْسَانُ المُعَامَلَةِ : ياخشى مۇئامىلە قىلىش.

مَعَ غَيْرِ الإِنْسَانِ مِنَ الطَّيْرِ وَالْحَيَوَانِ : ئىنساندىن باشقا ئۇچارلىق ۋە تىنارلىقلارغىمۇ

خَرَجَ مَخْرَجَ الغَالِبِ : غالىپلار چىققاندەك چىقتى، تەنتەنىلىك چىقتى، يۇقىرى چىقىش نوقتىسىدا چىقتى.

حَافَظَ عَلَى / وَاظَبَ عَلَى : قەتئىي داۋاملاشتۇردى، چىڭ تۇردى.

مُحَافَظَةُ المُسْلِمِ عَلَى كَفِّ الْأَذَى عَنْ أَخِيْهِ الْمُسْلِمِ : مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئەزىيەت يېتىشتىن ساقلىنىشتا چىڭ تۇرۇشى.

أَشَدُّ تَأْكِيْدًا : ئەڭ كۈچلۈك تەكىتلەنگەن.

عَلَى صَدَدِهِ : ئۇنىڭ تەرىپىدە، ئۇنىڭ تەرەپدارى.

بِصَدَدِ أَنْ يُقَاتِلُوا : ئۇرۇش تەرەپدارى.

كَفَّ يَدَهُ : قولىنى يىغدى.

| | |
|---|---|
| مَنْ يَجِبُ الكَفُّ عَنْهُ : | قولىنى يىغىش لازىم بولغان كىشى. |
| اَلْأَغْلَبُ : | ئەڭ زورراق، ئەڭ زور ئېھتىماللىق. |
| أَذَابَ عَلَى العَدُوِّ / هَجَمَ وَأَغَارَ : | ھۇجۇم قىلدى، چېقىلدى. |
| سَبَبُ الإِذَابَةِ : | چېقىلىشنىڭ سەۋەبى. |
| مُخَالَطَةٌ / مُعَاشَرَةٌ : | ئارىلىشىش، باردى ـ كەلدى قىلىش. |
| غَالِبُ مَنْ يُخَالِطُهُمْ الْمُسْلِمُ : | مۇسۇلمانلار ئارىلىشۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى. |
| نَبَّهَ فُلَانًا عَلَى الشَّيْءِ / وَقَفَ عَلَيْهِ وَأَطْلَعَهُ : | ...نى ۋاقىپلاندۇردى، ئاگاھلاندۇردى. |
| قَرُبَتْ أَسْبَابُهَا : | يۈز بېرىش سەۋەبلىرى يېقىن بولغان |
| خُصَّ اللِسَانُ وَالْيَدُ بِالذِّكْرِ : | تىل ۋە قول ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. |
| مِنْ بَيْنِ سَائِرِ الجَوَارِحِ : | باشقا ئەزالارنىڭ ئارىسىدىن |
| أَكْثَرُ وُقُوعًا : | يۈزبېرىشى كۆپرەك. |
| أَسْهَلُ مُبَاشَرَةً : | ئارىلىشىشى ئاسانراق. |
| أَشَدُّ نِكَايَةً : | زەربىسى قاتتىقراق. |
| اِلْتَأَمَ الجُرْحُ / اِلْتَحَمَ وَبَرِئَ : | جاراھەت ساقايدى. |
| عَمَّ يَعُمُّ عُمُومًا الشَّيْءُ / شَمُلَ : | ئومۇملاشتى، ئەتراپلىق بولدى. |
| لَحِقَ يَلْحَقُ لَحَاقًا فُلَانًا أَوْ بِهِ / أَدْرَكَهُ : | يەتتى، يېتىپ باردى. |
| مَعَ غَلَبَةِ مُبَاشَرَتِهِمَا الْأَذَى : | ئۇ ئىككىسىنىڭ بىۋاستە ئەزىيەت يەتكۈزىشىنىڭ زورلۇقى بىلەن. |
| آذَى يُؤَاذِي إِيْذَاءً فُلَانًا / أَصَابَهُ أَذًى : | ئەزىيەت يەتكۈزدى، زىيان سالدى. |
| بَاشَرَ الفِعْلَ / فَعَلَهُ بِغَيْرِ وَاسِطَةٍ : | بىۋاستە....قىلدى. |
| عُنْوَانٌ / مِثَالٌ ، رَمْزٌ ، صُوْرَةٌ : | مىسال، ئۈلگە، سىمۋول، ئىپادە، ئالامەت. |
| كَالْعُنْوَانِ لِكُلِّ مَا يُبَاشِرُ مِنَ الْأَعْضَاءِ حَتَّى القَلْبِ : | بىۋاستە ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان بارلىق ئەزالارنىڭ ھەتتا كۆڭۈلنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە. |
| مَنْهِيٌّ عَنْهُ : مُحَرَّمٌ : | ...دىن چەكلىنىلگەن، ...دىن چەكلەنگەن جاي، ...دىن چەكلىنىلگەن جاي. |
| إِضْمَارُ الشَّرِّ : | كۆڭۈلگە يامانلىقنى يوشۇرۇش، كۆڭۈلدە يامانلىق ساقلاش. |
| إِقَامَةُ الْحُدُودِ عَلَيْهِ : | ئۇنىڭغا جازا بېرىش، ئۇنى جازالاش، ئەدەبلەش. |
| كُلُّ مَأْذُونٍ فِيْهِ شَرْعًا : | ئۇ (مۇسۇلمان)غا شەرىئەتتە رۇخسەت قىلىنغان ھەر بىر ئىش. |
| مَهْمَا آلَمَ : | ئۇ قانچىلىك ئازابلىسىمۇ. |
| مِنْ قَبِيْلِ الْإِيْذَاءِ الْمُحَرَّمِ : | ئەزىيەت بېرىشكە ئوخشاش چەكلەنگەن تۈردىن. |

**يُؤْخَذُ مِنَ الْحَدِيْثِ**

| | |
|---|---|
| بِكُلِّ مَا يُؤْذِي : | ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق بىر ۋاستە بىلەن. |
| جِمَاع كُلِّ شَيْءٍ / مُجْتَمَعُ أَصْلِهِ : | ئەسلى مەنبەسى. |

| | |
|---|---|
| جِمَاعُ الشَّيْءِ / جَمْعُهُ : | يىغىندىسى. |
| جِمَاعُ ذَلِكَ : | ئاشۇنىڭ مەنبەسى. |
| ذُرٌّ / صِغَارُ النَمْلِ : | كىچىك چۈمۈلە. |
| اَلْمُرْجِعَةُ : | فِرْقَـةٌ إِسْلَامِيَّةٌ مَذْهَبُهَا إِرْجَاءُ الحُكْمِ عَلَى أَعْمَالِ العَبْدِ إِلَى يَوْمِ القِيَامَةِ |
| مۇرجىئە : | مۇرجىئە مەزھىبى، ئىسلام دىنىدىكى بەندىلەرنىڭ ئەمەلىگە ھۆكۈم قىلىشنى قىيامەت كۈنىگە كېچىكتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان بىر گورۇھ، ۋاقتىنچە كېچىكتۈرگۈچىلەر. |
| تَرْكُ المُؤَاخَذَةِ : | جازالىماسلىق، ئەيىبلىمەسلىك. |
| المُطَالَبَةُ / طَلَبُ الرَّدِّ : | قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش، داۋا قىلىش. |
| المُعَاقَبَةُ / جَزَاءٌ بِالشَّرِّ : | يامانلىقنى جازالاش، جازالاش. |
| أَوْلَى مِنْ / أَحَقُّ ، أَجْدَرُ : | ...دىن ئۈستۈنرەك، ...دىن مۇناسىۋەتلىكرەك. |
| مِنْ عَزْمِ الأُمُورِ : | ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن. |
| قَصَّرَ فِي الأَمْرِ / تَوَانَى فِيْهِ وَفَتَرَ : | بوشاڭلىق قىلدى، سەل قارىدى. |
| غَيْرُ مُعَبِّرَةٍ عَنْ بَاطِنٍ حَقِيْقِيٍّ : | ھەقىقىي ماھىيەت ئىپادىلەنمىگەن. |
| فِي الجُمْلَةِ ، عَلَى الجُمْلَةِ / عَلَى العُمُومِ ، بِوَجْهٍ عَامٍّ : | ئۇمۇمەن، ئۇمۇمى جەھەتتىن. |

## الأَسْئِلَةُ

| | |
|---|---|
| دِيْنُ المُسَالَمَةِ / دِيْنُ المُوَادَعَةِ: | ئىناقلىق دىنى. |
| فِي ضَوْءِ شَرْحِكَ لِ....: | ...نى چۈشەندۈرۈشىڭ بويىچە. |
| وَمَا وَجْهُ دُخُولِ المُسْلِمَةِ فِي هَذِهِ الحُكْمِ ؟ | مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بۇ ھۆكۈمگە كىرىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ |
| وَمَاذَا مِنَ الفَنِّ البَلَاغِيِّ فِي قَوْلِهِ ...؟ | ...نىڭ ...دېگەن سۆزىدە بەدىئى ئىپادىلەردىن نېمىلەر بار؟ |
| وَهَلِ المُفَاعَلَةُ مِنَ الجَانِبَيْنِ فِي قَوْلِهِ "اَلْمُهَاجِرُ" ؟ | ئۇنىڭ «اَلْمُهَاجِرُ» سۆزىدە «اَلْمُفَاعَلَةُ» ۋەزنى ئىككى تەرەپتىن (ئورۇنلىنىدىغان) ئۆملۈك مەنىدىمۇ؟ |
| ظَاهِرُ الحَدِيْثِ | ھەدىسنىڭ ئاشكارا مەنىسى، ئۇدۇل مەنىسى. |
| فَكَيْفَ تُوَجِّهُهُ ؟ | قانداق قارايسىز؟ |
| مَقْصُورٌ عَلَى المُسْلِمِيْنَ | مۇسۇلمانلار بىلەن چەكلەنگەن. |
| فَلِمَ عَبَّرَ بِالمُسْلِمِيْنَ ؟ | نېمە ئۈچۈن ئۇ «مۇسۇلمانلار» بىلەن ئىپادىلەندى؟ |

(داۋامى كېيىنكىساندا)

# ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ناماز ۋاقىتلىرى

| خۇپتەن | شام | ئەسىر | پېشىن | كۈن چىقىش | بامدات | مارت (3-ئاي) |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 宵礼 | 昏礼 | 晡礼 | 晌礼 | 日出 | 晨礼 | 三月 |
| 6:58 | 6:00 | 3:27 | 12:30 | 6:47 | 5:17 | 1 |
| 6:59 | 6:01 | 3:28 | 12:30 | 6:45 | 5:15 | 2 |
| 7:00 | 6:02 | 3:28 | 12:30 | 6:44 | 5:14 | 3 |
| 7:02 | 6:04 | 3:29 | 12:30 | 6:42 | 5:12 | 4 |
| 7:02 | 6:04 | 3:29 | 12:30 | 6:42 | 5:12 | 5 |
| 7:04 | 6:06 | 3:31 | 12:30 | 6:39 | 5:09 | 6 |
| 7:06 | 6:08 | 3:32 | 12:30 | 6:37 | 5:07 | 7 |
| 7:07 | 6:09 | 3:33 | 12:30 | 6:35 | 5:05 | 8 |
| 7:08 | 6:10 | 3:33 | 12:30 | 6:33 | 5:03 | 9 |
| 7:09 | 6:11 | 3:34 | 12:30 | 6:32 | 5:01 | 10 |
| 7:11 | 6:13 | 3:35 | 12:30 | 6:30 | 5:00 | 11 |
| 7:12 | 6:14 | 3:36 | 12:30 | 6:28 | 4:58 | 12 |
| 7:13 | 6:15 | 3:37 | 12:30 | 6:26 | 4:56 | 13 |
| 7:14 | 6:16 | 3:37 | 12:30 | 6:25 | 4:54 | 14 |
| 7:16 | 6:18 | 3:38 | 12:30 | 6:23 | 4:52 | 15 |
| 7:17 | 6:19 | 3:39 | 12:30 | 6:21 | 4:50 | 16 |
| 7:18 | 6:20 | 3:39 | 12:30 | 6:19 | 4:48 | 17 |
| 7:19 | 6:21 | 3:40 | 12:30 | 6:17 | 4:46 | 18 |
| 7:20 | 6:22 | 3:41 | 12:30 | 6:16 | 4:45 | 19 |
| 7:22 | 6:24 | 3:41 | 12:30 | 6:14 | 4:43 | 20 |
| 7:23 | 6:25 | 3:42 | 12:30 | 6:12 | 4:41 | 21 |
| 7:24 | 6:26 | 3:43 | 12:30 | 6:10 | 4:39 | 22 |
| 7:25 | 6:27 | 3:43 | 12:30 | 6:08 | 4:37 | 23 |
| 7:27 | 6:29 | 3:44 | 12:30 | 6:07 | 4:35 | 24 |
| 7:28 | 6:30 | 3:45 | 12:30 | 6:05 | 4:33 | 25 |
| 7:29 | 6:31 | 3:45 | 12:30 | 6:03 | 4:31 | 26 |
| 7:30 | 6:32 | 3:46 | 12:30 | 6:01 | 4:29 | 27 |
| 7:31 | 6:33 | 3:46 | 12:30 | 5:59 | 4:27 | 28 |
| 7:33 | 6:35 | 3:47 | 12:30 | 5:57 | 4:25 | 29 |
| 7:34 | 6:36 | 3:48 | 12:30 | 5:56 | 4:23 | 30 |
| 7:35 | 6:37 | 3:48 | 12:30 | 5:54 | 4:21 | 31 |

ئەسكەرتىش: بۇ جەدۋەلدىكى ۋاقىت نامازغا ئەزان ئوقۇلىدىغان ۋاقىتلارنى كۆرسىتىدۇ.